



بسم الله الرحمن الرحيم

بارلىق ھەمدۇ ــ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر، ئاللاھ بارلىق ئەيىپ ــ نۇقسانلاردىن پاكتۇر. ئۇنى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، ئاللاھ بۇ ھادىسىلەردىن پاكتۇر، ئالتۇن ــ كۈمۈش خىراجەت قىلىپ ئەپلەشتۈرگىلى بولمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئارىلىقىنىمۇ ئاللاھ بىرلەشتۈرەلەيدۇ. ئاللاھ، ھەممىمىزنى بىرلەشتۈرگەي، ئامىن!

ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى، سالامەت قىلىشى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلە ــ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلارغا، تابىئىنلارغا، ئۇلارغا ياخشىلىقچە ئەگەشكەنلەرگە ۋە بىزلەرگە بولسۇن ئامىن!

چەكسىز، سانسىز شۈكرىلەر ئاللاھقا خاستۇ

# كىرىش سۆز

مەن بىرىنچىدىن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى، جامالىنى، ئاخىرەتنى، جەننەتنى  مەخسەت قىلىپ، ئىككىنچىدىن، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھىدايىتىنى، توغرا يول تۇتۇپ مېڭىشىنى، خۇسۇسەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەخسەت قىلىپ. ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلام دىنى ئىلىم ــ پەنلىرىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇشنى مەخسەت قىلىپ، تۆتىنچىدىن، بۇ كىتابدىن ئوقۇتقۇچى ــ ئوقوغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، بەشىنچىدىن، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭمۇ پايدىلىنىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالتىنچىدىن، بۇ كىتابتىكى ئىجماﺋ، ئىتتىپاققا ئوخشاش پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىرلىشىپ، ئىتتىپاقلىششىنى ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، يار ــ يۆلەكتە بولۇشىنى، قۇرئان، سەھىھ ھەدىس، ۋە بۇ ئىجمائىدىن توغرا، ھەق ھۆكۈم چىقىرىشنى مەخسەت قىلىپ، (ئەلئىجماﺋ) يەنى ئىجمائقا، ئىتتىپاققا كېلىنگەن مەسىلىلەر دىگەن بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ چىقىشنى توغرا تاپتىم، ئۇستازلار ۋە ئالىملار مېنى قوللىدى ۋە ياردەم بەردى، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن، ھەممىمىزدىن رازى بولسۇن، بۇ خىزمەت ئەمەللىرىمىزنى ئۆزىنىڭ رازىلىقى، جامالى ئۈچۈن قىلىپ بەرسۇن، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ئۇستاز، ئۆلىمالارنى، ئاللاھ بىرلەشتۈرسۇن، ھەممىمىزنىڭ مۇراد ــ مەخسەتلىرىمىزگە ئاللاھ يەتكۈزسۇن، ئامىن!

## مۇقەددىمە

مەن تەرجىمە قىلماقچى بولغان بۇ كىتابتا 765 مەسىلە ئىجمائ قىلىنغان بولۇپ، مەن بۇ مەسىلىلەرنى تەرجىمە قىلىپ يېزىشتىن بۇرۇن، ئىجمائ توغرىسىدا توختىلىۋېتىپ ئاندىن يېزىشقا باشلايمەن.

ئىجمائ دىگەن بۇ مەسىلە (ئۇسۇلۇلفىقھى) كىتابلىرىدا سۆزلىنىدۇ.

بۇ ئۇسۇل قائىدىلىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋە ساھابىلارنىڭ زامانىدا؛ تىلىدا، ئەمەلىيەتتە، ھۆكۈم چىقىرىشىدا، ئىجتھادى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىدا، بولسىمۇ، لېكىن مەخسۇس بىر پەن تەرىيقىسىدە مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. بۇ پەنگە تۇنجى بولۇپ، ئاساس سالغۇچى، ۋە دەرس ئۆتكۈچى، كىتاب يېزىپ قالدۇرغۇچى، ئىمام شافىئى رەھمەھۇللاھ ئىكەنلىكىگە بارلىق ئالىملار ئىتتىپاققا كەلگەن. ئاندىن كېيىن، كەينى _ كەينىدىن بۇ پەن توغرىسىدا توختۇلۇپ نۇرغۇن كىتابلار تۈزۈلدى.

بىز ئاشۇ كىتابلارنىڭ بىر قىسمىدىن ئىجمائ توغرىسىدا سۆز تاللاپ يېزىپ، چۈشەنچە بېرىۋېتىپ، ئاندىن بۇ مەسىلىلەرنى يازىمىز. ئىمام شافىئى رەھمەھۇللا، رىسالە ناملىق ئۇسۇلۇلفىقھى كىتابىدا ئىجمائ توغرىسىدا مۇنداق دىگەن:؛

بىز دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى قۇرئان ئايىتى بىلەن ھەل قىلىشىمىز لازىم. ئەگەر قۇرئاندىن تېپىلمىسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى، ھەدىس بىلەن ھەل قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى، ئاللاھ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىتائەت قىلىشنى، ئەگىشىشنى پەرىز قىلىپ بېكىتتى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىڭلار دىگەن ئايەت بار.

**«ئى مۇھەممەد( سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،) ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ياخشى كۆرسەڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار، ئاللاھمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ دىگىن»** .دىگەن ئايەت بار.

ئەگەر قۇرئاندىن، سەھىھ ھەدىسدىن تېپىلمىسا، ئاندىن ساھابىلارنىڭ، تابىئىنلارنىڭ، قۇرئان ئايىتى، سەھىھ ھەدىس توغرا چۈشەنچە، ھەق ئۈستىگە قىلىنغان ئىجماسى، ئىتتىپاقى بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىمىز.

چۈنكى، ئاللاھ ئۇلارنى سۈرە تۆۋبىدە ماختىغان، مەدھىيلىگەن، جەننەتنى ۋەدە قىلغان، ئۇلارمۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ياشىغان، قۇرئان بىلەن سەھىھ ھەدىسنى ئەنە شۇلار توپتوغرا چۈشىنىشكە لايىقتۇر، ئەمەلىيەتتىمۇ توغرا چۈشەندى، چۈنكى، ئۇلاردىن ئاللاھ ۋە رەسۇلى رازى بولدى.

ئۇلار ھەرگىز خاتا، بىدئەت، زالالەت ئۈستىگە بىرلەشمەيدۇ، سۈننەتكە خىلاپ، ئىجماغ، ئىتتىپاققا كەلمەيدۇ، مەلۇم قىسمىدىن سۈننەت قېچىپ قۇتۇلالىسىمۇ، ئومومىيۈزلىكىدىن سۈننەت قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. دېمەكچى بولغىنىمىز، بىر قىسمى سۈننەتچى ئەمەس دېمەكچى ئەمەس. بەلكى، ئۇلاردا سۈننەت بار، ئۇلار سۈننەتكە مۇۋاپىق

ئىجمائقا كەلگەن دىمەكچى.

دەلىل: مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئۇز ئەينى يەتكۈزگەن بەندىدىن ئاللاھ رازى بولىدۇ، خۇرسەن بولىدۇ دىگەن ھەدىس.

ساھابىلىرىمنى ھۆرمەتلەڭلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغان ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغانلارنى يەنى تابىئىنلارنى، ئەتبائىلارنى دىگەن. يەنە ماڭا يېقىن بولغان ساھابىلار ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغانلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغانلار، ئەسىر، زامانلارنىڭ ياخشىسى دىگەن ھەدىس.

جامائەتنى لازىم تۇتۇڭلار، شەيتان ئىككى كىشىدىنمۇ يىراق تۇرىدۇ دىگەن ھەدىس.

بۇ جامائەت بەدەن، جىسمانى جەھەتتىنلا ئەمەس، ئىتتىپاق ئىجماسى، تائەت ــ ئىبادەت، ھالال ــ ھارام مەسلىلىردىكى ئىجمائ جامائىتىدۇر. چۈنكى، جامائەت بىلەن بىرگە تۇرغانلارمۇ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلسا، بىللە ئەمەس، لازىم تۇتقان بولمايدۇ، گەرچە ئۆزى باشقا جايدا بولسىمۇ، جامائەتنىڭ يەنى ئىسلام خەلىپىسى بولغان ئۇمۇم ئىجمائىسىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنسا، ئۇ بىللە تۇرغان بولىدۇ، لازىم تۇتقان بولىدۇ. خىلاپلىق قىلسا، بىر مەسجىدتە بولسىمۇ ئۇ يالغۇز قالىدۇ، جامائەتنى لازىم تۇتقان بولمايدۇ، بۇ جامائەت يالغۇز مەسجىد جامائىتى ئەمەس، خەلىپە جامائىتى، ئىجمائ جامائىتى دىگەن.

شەرھۇلمۇئتەمىد دىگەن كىتابتا ئىجمائ توغرىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ.

ئىجمائ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قانۇن ــ تۈزۈم پىرىنسىپىنىڭ

ئىتتىپاققا كېلىنگەن مەنبەسى، بارلىق مۇسۇلمانلار، مۇسۇلمان ئالىملار، ئىجمائىنى، قانۇن ــ تۈزۈم، شەرىئەت مەنبەسى، ئاساسى قىلىشقا ئىتتىپاققا كەلگەن، ئىجمائ دېگەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىنىڭ، مۇسۇلمان، مۆئمىن، مۇجتەھىد، مۇھەددىسلىرىنىڭ ئىتتىپاققا كېلىشى، يەنى شەرئى ھۆكۈمگە ئىتتىپاققا كېلىشىدۇر.

فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ، مۇجتەھىدلەرنىڭ بىر قىسمى ئىتتىپاققا كېلىپ، يەنە بىر بۆلىكى قوشۇلمىسا، بۇ ئىجمائ ھېسابلانمايدۇ، ئۇ مەسىلىمۇ ئىختىلاپى ھۆكۈم بولۇپ قالىدۇ.

ئىجمائىنىڭ، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئاساسى قانۇن مەنبەسى بولۇشىغا دەلىل: سۈرە نىسا 115 ــ ئايەتتە، مۇنداق دېيىلىدۇ: **كىمكى، ئۆزىگە مۆجىزە ئارقىلىق توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەرگە، ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، مۆئمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئاخىرەتتە جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، ئۇ نېمىدېگەن يامان جاي** دېگەن ئايەتتە، مۆئمىنلەرنىڭ يولىدىن بۇرۇلۇپ كەتسە، باشقا يول تۇتسا، جەھەننەمگە كىرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئازغۇن، زالالەتتە بولىدۇ، مۆئمىنلەر يولى توغرا، ھەق، داغدام يول، بۇ ئايەت ئۈچۈقلا ئىجمائقا دەلىل، يەنە بىر دەلىل بولسا، سۈرە بەقەر 143 ــ ئايەت، **بىز سىلەرنى كىشىلەرگە گۇۋاھچى بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ياخشى ئۈممەت قىلدۇق** دېگەن، بۇلار ياخشى ئۈممەت، ياخشى گۇۋاھچىلاردۇر.

سۈرە ئال ئىمراننىڭ 110 ــ ئايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: **ئى**

**مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ئۈممىتى، سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر، قاراڭلار ئۇلار ياخشى ئۈممەت.**

ھەدىستىن بولغان دەلىللەر مۇنداق: مېنىڭ ئۈممىتىم، زالالەت ئۈستىگە بىرلەشمەيدۇ، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد ۋە باشقىلار خاتىرىلىگەن بولۇپ، بۇ ھەدىس سەھىھ، ئىسناد يوللىرى كۆپىيىپ، مەنىۋى مۇتىۋاتىر ھېسابلىنىدۇ، ئۆزى مەشھۇردۇر. يەنە بىر ھەدىستە« ناھايىتى چوڭ قارىنى يەنى جامائەتنى لازىم تۇتۇڭلار» دېگەن، بۇھەدىس سەھىھدۇر.

ئەھمەد رەھمەھۇللا خاتىرلىگەن بىر ھەدىستە، مۇسۇلمانلار ياخشى دەپ قارىغان نەرسە، ئاللاھنىڭ نەزىلىدىمۇ ياخشىدۇر دېگەن بۇ ھەدىسنى بەزىلەر ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدنىڭ سۆزى، ھەدىس مەۋقۇپ دېگەن، يەنىلا دەلىل بولالايدۇ.

ئەقلى جەھەتتىكى دەلىل شۇكى، مۇجتەھىد ئالىملار بىرەر مەسىلىگە جەزىم قىلىپ ئىتتىپاققا كېلىپ، ئىجمائ قىلسا، ھەرگىز شەرئى مەنبەسىز، ئاساسسىز بىرلىككە كەلمەيدۇ، خاتا بولۇپ قالسا، بىرەرسىمۇ بولسا خىلاپلىق قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجمائقا بارلىق مۇجتەھىد ئالىملار ئىتتىپاققا كېلىش شەرت، ئاساستۇر، بىز يۇقىرىدا دېگىنى ئوچۇق ئىجمائ، ئۇ بولسىمۇ ھەممىسى بىرلىككە، ئىتتىپاققا كېلىپ، ئىجمائ قىلغان، ئىككىنچى بىر خىل ئىجمائ بولسا، بىرەر مۇجتەھىد ئالىم، بىرەر مەسىلىگە سۆز قىلسا، قالغان بارلىق مۇجتەھىد ئالىملار سۆز قىلماي قوبۇل

قىلسا، ئىنكار قىلمىسا، بۇ مەسىلە كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقاپ كەتسە، يەنىلا، ئىنكار قىلىنمىسا، بۇ ئىجماﺋ سۈكۈت دېيىلىدۇ، يەنى سۈكۈت قىلىنغان ئىجماﺋ، بۇ ئىجمائمۇ يەنىلا ئاساس بولالايدۇ، دەلىل قىلىسقىز بولىۋېرىدۇ. لېكىن، بۇ خىل ئىجمائنى شافىئى رەھمەھۇللا، زاھىرىييە مەزھەپلەر قوبۇل قىلمىغان. باشقىلار مۇستەقىل دەلىل قىلىدۇ. بىرەر مەسىلىگە ئىتتىپاققا كېلىپ، ئىجماﺋ قىلىشنىڭ شەرتى، قۇرئان ۋە سەھىھ ھەدىسنىڭ تېكىستىگە خىلاپ، زىت بولماسلىقى كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلامى شەرئى دەلىلگە تايىنىشى لازىم، ئىجماﺋ شەرئى دەلىلگە تايانمىسا، يەنىلا ئەمەلدىن قالىدۇ، يەنە بىر شەرتى، ئىتتىپاققا كېلىپ، ئىجماﺋ قىلغانلار ئارىسىدا چوقۇم ئىختىلاپ كۆرۈلمەسلىكى لازىم.

ئىتتىپاققا كېلىپ، ئىجماﺋ قىلغان مۇجتەھىدلەر ئۆلۈپ تۈگەپ، شۇ ئەسىر ئاخىرلاشسا، بىرەر ئىختىلاپ كۆرۈلمىسە، ئۇ چاغدا، بۇ ئىجماﺋ ناھايىتى ياخشى كامال تاپقان بولىدۇ، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە ئەقىدىسىدىكىلەر ئىجماﺋ، قەتئىي ھۆججەت، دەلىل قەتئىي بولالايدۇ دەپ ئىتتىپاققا كەلدى، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بىر ئىجماﺋ، مۇشۇ ھۆكۈم ئىجمائقا، ئىتتىپاققا كېلىنگەن بىر مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

شىيئەلەر ئەھلى بەيتنىڭ ئىجمائسى ئىجماﺋ ھېسابلىنىدۇ، باشقىسى ئۇنداق ئەمەس دەپ قارايدۇ، بۇ شەكسىز خاتادۇر. بەزىلەر ئىككى شەيخ يەنى ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىلا ئىجماﺋ ھېسابلايدۇ، يەنى بۇ ئىككى كىشى ئىتتىپاققا كەلگەن مەسىلىلەر ئىجماﺋ، باشقىسى ئەمەس دەپ قارايدۇ. زاھىرىييە مەزھىپىدىكىلەر، ئىجماﺋ ساھابىلاردا

توختىشى كېرەك، ئۇندىن كېيىن ئىجمائ يوق دېگەن، بۇلار ئايەتتىكى، سەھىھ ھەدىسدىكى تابىئىنلارنىڭمۇ مەدھىيلەنگەن، ماختالغىنىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

ئىمام مالىك رەھمەھۇللا پەقەت مەدىينە ئەھلىلا ئىتتىپاققا كەلگەن مەسىلىلەر ئىجمائ ھېسابلىنىدۇ، باشقا جايدىكى مۇجتەھىدلەر قاتارغا ئېلىنمايدۇ دەپ قارىغان. ئەڭ توغرا، ھەق، راستى بولسا، بىز يۇقىرىدا دېگەن ۋە بۇندىن كېيىنمۇ دەيدىغان مۇنۇ سۆزدۇر.

ئىجمائ دېگەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىدىن، مەيلى ساھابىلار، ياكى تابىئىنلار، ياكى ئۇندىن كېيىنكى مۇجتەھىد ئالىملار بولسۇن، ئەنە شۇ فىقھشۇناس مۇجتەھىدلەرنىڭ بىرەر مەسىلىگە شەرئى، دەلىلگە تايىنىپ تۇرۇپ، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسكە زىت، مۇخالىپ ئەمەس، ئىختىلاپ كۆرۈلمىگەن ئاساستا ئىتتىپاققا كېلىشى، بىرلىككە كېلىشى، ئىجمائ ھېسابلىنىدۇ، يۇقىرقى كىتاب، يەنى يۇقىرقى سۆزلەر ئېلىنغان كىتاب، دوكتۇر مۇھەممەد ھەبەشىنىڭ كىتابىدۇر.

ئىمام شىرازىنىڭ ئەللۇمئى ناملىق ئۇسۇل كىتابىدا ئىجمائ توغرىسىدا مۇنداق دېيلگەن.

ئىجمائ دېگەن لۇغەتتە بىرلىشىش، ئىتتىپاققا كېلىش، ئىرادە قىلىش، قەتئىي ھۆكۈم چىقىرىش دېگەن بولىدۇ، ئىستىلاھى ئاتالغۇدا بولسا، مەلۇم بىر ھۆكۈمگە ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاققا كېلىشىدۇر.

ئىجمائ، ئىسلام شەرئىتىنىڭ دەلىللىرىدىن ھۆججەتلىرىدىن

قەتئىي دەلىل ھۆججەتتۇر. نىزامىيەلەر، راۋاپىزلار، ئىجمائ، دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەت بولمايدۇ دەپ قارايدۇ، بۇ خاتادۇر. بۇلارغا قارشى دەلىل شۇكى: يۇقىرقى مۆئمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرى يول تۇتسا، ئۇ جەھەننەمگە كىرگۈزۈلىدىغان ئايەتتىن مۆئمىنلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىش ۋاجىپ، شۇنداقلا مېنىڭ ئۈممىتىم، زالالەت ئۈستىگە يەنە بىر خاتىرىدە خاتا ئۈستىگە بىرلەشمەيدۇ دىگەن ھەدىس مەشھۇردۇر.

كىم جامائەتتىن يەنى خەلىپە جامائىتىدىن، ئىجمائ جامائىتىدىن بىر غېرىچ ئايرىلسا، ئىسلامنىڭ بويۇنچۇقىنى، بوينىدىن ئېلىپ تاشلىغان بولىدۇ، كىم ئايرىلىۋالسا، دوۋزاخقا ئايرىلىدۇ دىگەن ھەدىسلەردىن ئىجمائقا ئەمەل قىلىش ۋاجىپ، ئۇنى خاتا دىيىش مۇمكىن ئەمەس. ئىجمائنى شەرىئەت مەنبەسى قىلماسلىق ئازغۇنلۇقتۇر.

خۇددى ئىنسانلار يېڭى ئاينى كۆرگەنگە ئىتتىپاققا كەلگەندەك، ئىجمائ مۇمكىن ھەم دۇرۇس، قەتئىي دەلىل ــ ھۆججەت بولالايدۇ، بولۇپمۇ، شەرىئەت جەھەتتىن شۇنداق، چۈنكى، يەھۇدىيلار، ناسارالار، بۇددا دىنىدىكىلەر ۋە باشقىلار سانىنىڭ كۆپلىكى بىلەن زالالەت، ئازغۇنلۇق، خاتا ھەتتا شېرىك ئۈستىگە ئىتتىپاققا كەلگەن، بۇ ھەرگىز ئىجمائ ھېسابلانمايدۇ، بىزمۇ بۇنى دەۋاتمايمىز. مۇسۇلمانلارنىڭ مۇجتەھىد ئۆلىمالارنىڭ، ئىسلام شەرىئىتى، ئىسلامى دەلىلگە تايىنىپ تۇرۇپ، بىرەر مەسىلىگە قۇرئان، سەھىھ ھەدىسكە زىت، خىلاپ بولمىغان ئاساستىكى ئىجمائ، ئىتتىپاقنى دەۋاتىمىز.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىنىڭ

مۇجتەھىد ئالىملىرى دىگەنلىك، باشقا تائىپە، باشقا ئۈممەتنى چىقىرىپ تاشلايدۇ، ئۇلار قاتارغا ئېلىنمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ، خىلاپلىق قىلىشمۇ ھېسابىدا يوق.

ئىجمائ، قۇرئان تېكىستى، سەھىھ ھەدىس، ئەھكامدىكى ئەقلى دەلىلەر، ئىجتىھادى قىياس قاتارلىقلاردىن چىگىلىدۇ، يەنى شۇلاردىن ئىجمائ قىلىنىدۇ، ئىتتىپاققا كېلىنىدۇ، ئىجمائ، ئىبادەت، مۇئامىلە قاتارلىق شەرئى ئەھكاملارنىڭ ھۆججىتى بولالايدۇ.

ئالەم، ھادىس، بۇنى پەيدا قىلغۇچى بىر ئاللاھ، چوقۇم بار، كۆللى، جۇزئىدىن چوڭ، ئوت كۆيدۈرىدۇ دىگەندەك ئەقلى ھۆكۈملەرگىمۇ ئىجمائ قىلىش دۇرۇس.

قۇرئاندىكى دەلىلگە تايىنىپ، ئىتتىپاققا كېلىپ، ئىجمائ قىلغانغا مىسال: ناماز بەش ۋاخ، بەش ۋاخ ناماز پەرىزدۇر، قۇرئان مۇتىۋاتىردۇر، جۈمئى پەرىزدۇر دىگەندەك، سەھىھ ھەدىسكە تايىنىپ، ئىجمائ قىلىنغانغا مىسال: قىيامەت كۈنى مۆئمىنلەر ئاللاھنى كۆرىدۇ، ئۆتۈككە مەسھى قىلىش دۇرۇس دىگەندەك. ئەقلى مەسىلە يۇقىرىدا ئۆتتى.

ئۆزئارا ئىلىم بىلەن ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، ئىتتىپاققا كېلىپ، ئىجمائقا كېلىنگەنگە مىسال: ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك زامانىدا ئۆلۈپ كەتكەن. خەلىپە راشىدىنلار تۆت دىگەندەك، بۇ خىل ئىجمائنىڭ پايدىسى شۇكى، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىسنادىغا يالغاننى تۆھمەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارقىسىدا،ئۇخەلىپەمەزگىلدە ئالتە

يىل ناماز ئوقۇغان، ئۇ ھېچ جايدا قولىنى نامازدا كۆتۈرمىگەن، يەنى باشتا بىر قېتىم كۆتۈرۈپ، ئاندىن كېيىن رۇكۇدىن بۇرۇن ـ كېيىن قولىنى كۆتۈرمىگەن دېگەندەك ھەدىسلەرنىڭ يالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، بۇ ئىجمائ تارىخى جەھەتتىن مۇھىم رول ئوينىدى،

ئىجمائ مۇنداق تونۇلىدۇ. يا ئۇلار، بۇ ھارام، بۇ ھالال دېگەندەك سۆز قىلىدۇ ــدە، سۆزىدىن تونۇلىدۇ، ياكى ھەممىسى بىردەك بىرەر ئىشنى قىلىدۇ، ئىختىلاپ كۆرۈلمەيدۇ، بۇ خىل ئىجمائ قىلىقىدىن تونۇلىدۇ، ياكى بىرەر ئىشنى قىلىپ ياكى بىرەر سۆزنى قىلىپ، باشقىلار بۇنىڭغا ئىقرار قىلىدۇ، يەنى، قوللايدۇ، دۇرۇس دېيىشىپ بېرىدۇ، بۇ خىل ئىجمائ، سۆز، قىلىق بىلەن بىرگە ئىقرار قوشۇلۇپ تونۇلىدۇ. ساھابىلارنىڭ، تابىئىنلارنىڭ ئىجماسى ئىتتىپاققا كېلىشى، كېيىنكىلەرگىمۇ ئىجمائ بولىدۇ، ئىجمائنىڭ دۇرۇسلۇقىدا ھەرقانداق تەقۋا مۇسۇلمان، مۇجتەھىد ئىتىبارغا ئېلىنىدۇ، بىز يۇقىرىدا دېگەندەك، باشقا تائىپە، باشقا دىين، باشقا مىللەت، ئۈممەتلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، ئۇلار بىلەن ئىجمائ قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلىشىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ سۆزلىرى خۇددى كىچىك باللارنىڭ سۆزىدەك، ئىجمائ قىلىشتا ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا ئىجتىھاد يولى ۋە ئىلىم يوق، ئەمما، مۇسۇلمان، تەقۋا ئايال، ئالىم، مۇجتەھىدنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، خۇددى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىمىزدەك، رابىئە رەھمەھۇللادەك. ئەگەر، ساھابىلار بىرەر مەسىلىدە ئىككى خىل كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىرلىككە كېلەلمەي، دۇنيادىن كەتكەن

بولسا، تابىئىنلارنىڭ شۇ مەسىلىدە بىرلىككە كېلىشى، ئىجمائ قىلىشى دۇرۇس، شۇنداقلا، تابىئىنلارمۇ ئىككى خىل كۆزقاراشتا ئالەمدىن ئۆتكەن بولسا، كېيىنكى مۇجتەھىد ئالىملار بىرلىككە كېلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، ئىجمائ قىلسا دۇرۇس، توغرىسى بىر، ھەقىقەت بىر بولىدۇ. ئەنە شۇنداق بىرلىشىش، ئىتتىپاقلىشىش لازىم، لېكىن، تۆۋەندىكى مەسىلىلەردە، قايسىسىنى ئالسا بولىدىغان مەسىلىلەردە ھەر ئىككى خىل مەسىلە دۇرۇس بولىدۇ، تەكبىرنى جۈپ ۋە تاق ئېيتقاندەك، ساھابىلار ياكى كېيىنكىلەر ئىككى خىل كۆزقاراشتا دۇنيادىن كەتكەن بولسا، بۇ ئىككى خىل كۆز قاراشنى بىرلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۈچىنچى بىر خىل كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا قەتئىي بولمايدۇ، بۇنداق قىلىش ھارام. مەلۇم بىرەر ساھابە بىر مەسىلىگە ھۆكۈم قىلغان بولسا، ياكى ئۆزى قىلغان بولسا، لېكىن، بۇ ساھابىلار ئارىسىغا كەڭ تارقالمىغان بولسا، يەنى، ئىجمائ دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولسا، بۇ يەنىلا قىياسدىن ياخشى ھۆججەت قىلىنىدۇ، شەرتى، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسكە خىلاپ بولماسلىق، بىرەر دەلىل ـ ئىسپاتقا تايىنىشدۇر، ئەلۋەتتە، ئۇلار شۇنداق قىلاتتى، بۇ خىل سۆز ياكى قىلىق، ھەدىس مەۋقۇپ دەپ ئاتىلىدۇ، قىياسدىن ئىلگىرى تۇرىدۇ، ئەمەل قىلىنىدۇ، چۈنكى، قۇرئاننى، سەھىھ ھەدىسلەرنى ئەنە شۇلار توپتوغرا چۈشىنىدۇ ـ دە!

دوكتۇر ئابدۇلكەرىم زەيدانىنىڭ 1987 ـ يىلى نەشر قىلىنغان (ئەلۋەجىيز) ناملىق ئۇسۇل كىتابىدا يەنى ئۇسۇل فىقھى كىتابىدا، ئىجمائ توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: ئىجمائ دېگەن ئىستىلاھدا، ئىسلام

ئۈممەتلىرىنىڭ مۇجتەھىد ئۆلمالىرىنىڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن، بىرەر شەرئى ھۆكۈمگە ئىتتىپاققا كېلىشىدۇر. مۇجتەھىد ئۆلمالاردىن باشقىسى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، مۇجتەھىد ئالىم دىگەن 30 پارە قۇرئاننى يادا بىلىدىغان، سەھىھ ھەدىسىدىن 3000نى يادا بىلىدىغان، قۇرئاننى، سەھىھ ھەدىسنى 20 خىل تەتقىق قىلالايدىغان، يەنى ئام، خاس، مۇتلەق، مۇقەييەد ، مۇھكەم، مۇتەشابىھ، ناسىخ، مەنسۇخلىرىنى بىلەلەيدىغان، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسنىڭ تېكىستلىرىدىن توپتوغرا ھۆكۈم چىقىرىشقا قۇدرىتى يېتىدىغان ئالىملار ئىچىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارلىق كىشىدۇر، تېخى ئۇ بىدئەتچى، پاسىق بولماسلىقى، يالغانچى، كاززاپ بولماسلىقى، تەقۋا، ئالىم بولۇشى لازىم.

بىز يۇقىرىدا دىگەندەك، ئىجمائ دەرىجىسىگە يەتمىسىمۇ، كۆپ ئەكسەر ئالىم، مۇجتەھىدلەر بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلەرگىمۇ ئەگىشىش لازىم كېلىدۇ. بۇ كىتابىتىمۇ يۇقىرقىغا ئوخشاش بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلىگە خىلاپلىق قىلىنماسلىقى، بىرەر مۇجتەھىد ئايرىلىپ چىقماسلىقى لازىم، ئەمما، باشقا دىندىكىلەرنىڭ بىدئەتچى مەزھەپلەرنىڭ خىلاپلىق قىلىشى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

مۇجتەھىدلەر چوقۇم ۋاجىپ ياكى ھارام ياكى سۈننەت، مۇستەھەپلەرگە ئىتتىپاققا كېلىشى لازىم، ئۇ مەسىلە، شەرئى مەسىلە بولۇشى شەرت دىگەن، شۇنداقلا، ئىجمائ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن بولۇشى كېرەك، چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئىتتىپاققا كېلىشى سۈننەت ھەدىس تەقرير

ھېسابلىنىدۇ.

بۇ كىتابتىمۇ ئىجمائنى قەتئىي ھۆججەت، دەلىل بولالايدۇ، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئاساسى قانۇن ــ تۈزۈم مەنبەسى دەپ يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئايەت، ھەدىسلەرنى دەلىل كەلتۈرگەن. شۇنداقلا ئىجمائنى سەھىھ يەنى ئوچۇق ئىتتىپاققا كېلىنگەن ئىجمائ، ۋە سۈكۈت يەنى باشقا مۇجتەھىد ئالىملار سۈكۈت قىلىپ، ئىنكار قىلمىغان، قارشى تۇرمىغان ئىجمائ دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىغان. ئىجمائنىڭ چوقۇم شەرىئەت جەھەتتىن تايىنىدىغان ئورنى بولۇشى كېرەك، ئىلىمسىز، دەلىلسىز، ھۆججەتسىز سۆز قىلىش، خاتا، قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئىجمائ يا قۇرئانغا، يا سەھىھ ھەدىسكە تايىنىدۇ، خۇددى ئاتالار سىلەرگە ھارام قىلىندى دېگەن ئايەتكە تايىنىپ، چوڭئىنىسىمۇ ھارام دەپ ئىجمائقا كەلگەندەك، بۇ كىتابدا ئىجمائنىڭ ھازىرقى زاماندا ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، يېڭىدىن پەيدا بولغان، يېڭىدىن كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگە، مۇجتەھىدلەر بىرلىككە كېلىپ، ئىتتىپاققا كېلىپ، ئىجمائ ئارقىلىق دەرھال ھەل قىلىشى سۆزلەنگەن، بۇ مۇھىم ئىشدۇر.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللانىڭ مەزھىپىدە يېزىلغان ئۇسۇل شاشى، نۇرۇلئەنۋار قاتارلىق ئۇسۇل كىتابلىرىدىمۇ يۇقىرىقىدەك سۆز قىلىنغان. شۇنداقلا، دوكتۇر ۋەھبەتۇ زززوھەيلىنىڭ ئۇسۇل كىتابىدىمۇ مۇشۇنداق سۆزلەر قىلىنغان، كېيىنكى بۇ كىتابلاردا تۆت مەزھەپ كۆز قارىشى سۆزلىنىپ، ئاندىن راجىھ كۈچلۈكى سۆزلىنىدۇ، ئىتتىپاققا، ئىجمائقا كېلىش كۈچى يۇقىرىدۇر.مەخسەت بىرلەشتۈرۈشتۇر.

ئاخىرىدا مەن بۇ مۇقەددىمىنى ھەرىمەيىتىنىڭ ئۇستازى ئەللامە، شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ، ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللاھىنىڭ (ۋاپاتى م 2001 ـ يىلى) «ئۇسۇل ئىلمىدىن ئاساس» دىگەن كىتابىدىكى ئىجمائ توغرىسىدىكى سۆزلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن.

ئۇ مۇنداق دىگەن:

ئىجمائ، لۇغەتتە ئىرادە قىلىش، ئىتتىپاقلىشىش دىگەن بولىدۇ، ئىستىلاھى ئاتالغۇدا بولسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مۇجتەھىد ئۆلمالىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن، بىرەر شەرئى ھۆكۈمگە ئىتتىپاققا كەلسە، مانا بۇ ئىجمائ دىيىلىدۇ.

ئىتتىپاققا كېلىش دىگەندىن، بىرەر مۇجتەھىد ئالىم ئايرىلىۋالسا، يەنىلا ئىجمائ ھېسابلانمايدۇ، مۇجتەھىدلەر دىگەن سۆزىمىزدىن ئاۋام خەلق، تەقلىدچىلەر چىقىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، خۇددى ئۇلارنىڭ ئىتتىپاققا كېلىشى ئېتىبارغا ئېلىنمىغاندەك، ئۇلارنىڭ قارشى تۇرۇشى، ئىنكار قىلىشى، خىلاپلىق قىلىشى ئىجمائنى بۇزىۋەتەلمەيدۇ.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ، مۇشۇ ئۈممەتنىڭ دىگەن سۆزىمىزدىن باشقا ئۈممەتلەر، يەھۇدىي، ناسارالار، بۇددا دىنىدىكىلەر ۋە باشقا تائىپىلەر چىقىپ كېتىدۇ، ئۇلارمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، شۇنداقلا ھاۋايى ـ ھەۋەس، بىدئەتچى مەزھەپلەر، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەدىن باشقا ئېتىقاددىكى مەزھەپلەرمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، مەسىلەن: خاۋارىج، راۋاپىز، مۇئتەزىلەدەك، بۇلارنىڭ سانىنىڭ، نوپۇسىنىڭ كۆپلىكى، تەرەققىي

قىلىشى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن دېگىنىمىز، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدىكى ئىتتىپاقلىق، بىرلىككە كېلىش، ئىجمائ ھېسابلانمايدۇ، بەلكى، ئىجمائدىن كۈچلۈك بولغان سۈننەت ھەدىس ھېسابلىنىدۇ.

شەرئى ھۆكۈمگە ئىتتىپاققا كېلىشدۇر دېگەندىن ئەقلى ھۆكۈم، ئاددى ھۆكۈملەر چىقىپ كېتىدۇ، چۈنكى، ئىجمائدىكى تەتقىقات، شەرئى دەلىللەردۇر. ئىجمائ قەتئىي ھۆججەت، دەلىل ــ ئىسپات بولىدۇ، شەرىئەت مەنبەسى بولۇشىدا ئىختىلاپ يوق، دەلىل سۈرە بەقەرە 143 ــ ئايەتتىكى، ياخشى ئۈممەت قىلدۇق، كىشىلەرگە گۇۋاھچى بولۇش قاتارلىقلار، گۇۋاھچىلار دېگەن كىشىلەرنىڭ سۆز، ھەرىكەت، ئەمەللىرىگە، ئەمەللىرىنىڭ ھۆكۈملىرىگە گۇۋاھچىلىق قىلىدۇ، گۇۋاھچىلارنىڭ سۆزلىرى بولۇپمۇ ئىتتىپاققا كەلگەن ئىجمائ سۆزلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ دېگەن، شۇنداقلا سۈرە نىسا 59 ــ ئايەتتە، **بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپ، دە ــ تالاش قىلىپ قالساڭلار، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانغا ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى ھەدىسكە قايتۇرۇڭلار** دېگەن ئايەتمۇ ئۇلارنىڭ ئىتتىپاققا كەلگەن، ئىشنىڭ ھەق، توغرا ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

مېنىڭ ئۈممىتىم، زالالەت، ئازغۇنلۇق ئۈستىدە بىرلەشمەيدۇ دېگەن ھەدىس، مەشھۇر مەنىۋى مۇتىۋاتىر بولۇپ، بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، كىتابۇلپىتەندە، ئەبۇ داۋۇدمۇ شۇ بابدا، ئىبنى ماجەمۇ شۇ بابدا، ئەھمەد

رەھمەھۇللالار خاتىرلىگەن شەيخ ئەلبانى بۇ ھەدىس ھەسەن دىگەن، يەنى سەھىھ ھەدىسكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

ئىجمائ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، بىرىنچى تۈرى قەتئى ئىجمائ بولۇپ، بۇ زۆرۈردۇر، خۇددى بەش ۋاخ ناماز پەرىز، زىنا ھارام دىگەندەك، بۇ خىل ئىجمائ شۇنداق ھۆججەت بولىدۇكى، ھېچكىشى ئىنكار قىلالمايدۇ. كىم ئىجمائنى ئىنكار قىلسا، خىلاپلىق قىلسا، كاپىر بولىدۇ، چۈنكى، ئۇ شەرىئەت مەنبەسىگە تانىدى.

ئىككىنچى تۈرى زەننىي، گۇمانى ئىجمائ بولۇپ، بۇ خىل ئىجمائ، ئىزدىنىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشدىن بىلىنىدۇ، بۇ توغرىسىدا شەيىخۇلئىسلام، ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇللا مۇنداق دىگەن: ئىجمائ دىگەن سەلەپ، سالىھلار يەنى ساھابىلار، تابىئىنلار، ئەتبائلار بىرلىككە كەلگەن، ئىتتىپاققا كەلگەن ئىجمائ بولىدۇ. كېيىنكى ئالىملار نۇرغۇن ئىختىلاپ قىلىشىپ كەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە ئۇلارغا يېقىن سالىھ كىشىلەرنىڭ ئىجماسىنى لازىم تۇتۇڭلار دىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزمۇ دەل شۇلارنىڭ ئىتتىپاققا كەلگەن ئىجماسىدىكى مەسىلىلەرنى تەرجىمە قىلىپ يازىمىز، ئاللاھ خالىسا. چۈنكى، مەن تەرجىمە قىلىپ يازماقچى بولغان بۇ مەسىلىلەرنى نىيسابۇردا ياشاپ ئۆتكەن ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى مۇنزىر دىگەن كىشى «ۋاپاتى ھىجرىيە 318 ـ يىلى» توپلىغان، مۇجتەھىد ئالىملار ئېتراپ قىلىپ، قوللاپ، قۇۋۋەتلەپ، كەڭ نەشىر قىلىنغان. بۇ ئالىم، ھىجرىيە 250 ـ يىللىرى ياشاپ 318 ـ يىلى ۋاپات بولغاچقا،

مەخسۇس بىز يۇقىرىدا دىگەندەك، ساھابىلار، تابىئىنلار ئىجماسىنى توپلىغان، بىز يازماقچى بولغان مەسىلىلەر پۈتۈنلەي ساھابىلاردىن، تابىئىنلاردىن ۋە كېيىنكى مۇجتەھىد ئىلىم ئەھلىلىرىدىن ئىتتىپاققا كېلىنگەن، ئىجمائ قىلىنغان مەسىلىلەردۇر. ئەنە شۇلار مۇنداق ئىجمائ ئىتتىپاققا كەلگەندۇر.

مەن ئۇلار ئىجمائقا كەلگەن، ئىتتىپاققا كەلگەن دېسەم، دەل ساھابىلارنى، تابىئىنلارنى كۆرسىتىدۇ، كېيىنكى مۇجتەھىد ئىلىم ئەھلىمۇ يوق ئەمەس.

## تەھارەتتىكى ئىجمائ، ئىتتىپاققا كەلگەن مەسىلىلەر

1 . ھەقىقەتەن نامازنىڭ تاھارەت بىلەن قوبۇل بولۇشىغا بارلىق ئىلىم ئەھلى ئىجمائقا كەلدى، ئەلۋەتتە، بۇ ھەدىستىمۇ بار، ئۇشۇق دۆلەت باشنى يارماپتۇ دىگەندەك، قۇرئاندىن ياكى ھەدىستىن بىرەر مەسىلە سۆزلەنسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجمائ قىلىنسا، بۇ دەلىل ئۈستىگە دەلىل، ھۆججەت ئۈستىگە ھۆججەت بولۇپ كېتىدۇ، قۇرئان، ھەدىسنى چۈشىنىشكە ياردىمى بولىدۇ. بۇ، قۇرئاننى، سەھىھ ھەدىسنى قويۇپ، ئىجمائنى ئالغانلىق ئەمەس، بەلكى، نۇر ئۈستىگە نۇر بولىدۇ. شۇ ئايەت ياكى ھەدىسنى خاتا چۈشەنگەنلەرگە رەددىيە بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسكە تايىنىپ تۇرۇپ ياكى بۇ ئىككى ئاساسى مەنبەدە سۆزلەنسىمۇ يەنە ئىجمائ قىلىنىدۇ، مەلۇم مەسىلە، قۇرئان، سەھىھ ھەدىس شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىجمائ ئارقىلىق دەلىللەنسە، بۇ ئەڭ

كۆچلۈك دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ، بۇنى توغرا چۈشىنىڭ.

2. ئەر ــ ئاياللارنىڭ چوڭ ــ كىچىك تەرەت قىلىشى، مەنىينىڭ چىقىشى، مەقئەتتىن يەلنىڭ چىقىشى، ئەقىل زاۋال تېپىپ، بىھوش بولۇشلار تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ دىگەنگە، ئىجمائقا، ئىتتىپاققا كېلىندى، يەنى، ساھابىلار، تابىئىنلار، ئەھلى ئىلىم، مۇجتەھىدلەر ئىتتىپاققا كەلدى.

3. ئىستىھاز قېنى، يەنى ئاياللاردىكى ھەيز مەزگىلىدىن باشقا چاغدا قان چىقىش، ھەيز كۈنىدىن، نىپاسلىق كۈندىن ئۆتۈپ كېتىپ قان، خۇن توختىماسلىق، تەھارەتنى سۇندۇرىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، بۇ مەسىلىدىن رەبىيئە دىگەن مۇجتەھىد ئالىم ئايرىلىۋالدى، ئۇ سۇنمايدۇ دىدى.

4. مۇلامىسەت، يەنى جىنسى مۇناسىۋەت ياكى شەھۋەت بىلەن سىلاش، تەھارەتنى سۇندۇرىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئىجمائقا كەلگەنلەر، ساھابىلار، تابىئىنلاردىن بولغان ئەھلى ئىلىملاردۇر، كېيىنكىلەرمۇ يوق ئەمەس.

5. نامازنىڭ سىرتىدىكى كۈلۈش، تەھارەتنى سۇندۇرمايدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

6. ناماز ئىچىدە كۈلۈش، نامازنى بۇزىۋېتىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، تەھارەتمۇ سۇنىدۇ دىگەن بىر قىسىم مۇجتەھىدلەر بار.

## سۇ مەسىلىسىدە ئېھتىياتچان بولۇش

7. تەھارەت ئېلىش، قىزىل گۈلنىڭ سۈيىدە، دەرەخ سۈيىدە سىقىپ چىقىرىلغان سۇلاردا دۇرۇس ئەمەس، مۇتلەق سۇدا، سۇ دەپ ئىسىم قويۇلغان سۇدا بىرەر شەرتى، سۈپىتى بولمىغان سۇدا دۇرۇس دېگەنگە ئىجماھ قىلىندى.

8. قار ـــ يامغۇر، مۆلدۈر، بۇلاق سۇلىرىدا تەھارەت ئالسا دۇرۇس دېگەنگە ئىجماھقا كەلدى.

9. ھەرخىل ئىچىملىكلەردە غۇسلى قىلىش، يەنى چوڭ تەھارەت ئېلىش، كىچىك تەھارەت ئېلىش دۇرۇس ئەمەس دېگەنگە ئىجماھقا كەلدى.

10. ناھايىتى كۆپ سۇغا نىجاسەت چۈشۈپ كەتسە، يەنە بىر تەرەپتە تەھارەت ئېلىش دۇرۇس دېگەنگە ئىجماھقا كەلدى، گەرچە رەڭگى، پۇرىقى يانابىر تەرەپنىڭ ئۆزگىرىپ كەتسىمۇدىدى، لېكىن، مۇھەممەد ئىبنى سىرىيىن دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى، رەڭگى، پۇرىقى ئۆزگەرگەن دەپ ئايرىلىپ چىقتى. ئىجماھقا كەلگەنلەر بىر تەرەپ پاكىز بولغاچقا دۇرۇس دېگەن.

11. سۇ مەيلى كۆپ، مەيلى ئاز بولسۇن، نىجاسەت چۈشۈپ، پۇرىقى، رەڭگىنى، تەمىنى ئۆزگەرتىۋەتسە، نىجىس ھېسابلىنىدۇ، تەھارەت ياكى ئىچىش دۇرۇس ئەمەس، دېگەنگە ئىجماھقا كەلدى، بۇ مەسىلە، ئالدىدىكى ئىجماھقا زىت، خىلاپ ئەمەس، چۈنكى، ئۇنىڭ بىر

تەرىپى نىجىس بىر تەرىپى پاكىز.

12. نىيىل دەرياسى ۋە باشقا چوڭ دەريالار، دېڭىزلار نىجىس چۈشۈپ كېتىپ، رەڭگى، پۇرىقىنى، تەمىنى ئۆزگەرتەلمىسە، پاك، تەھارەت ئېلىنىدۇ، ئىچىلىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كېلىنىدى.

13. گۆشى يېيىلىدىغان تۆگە، كالىدەك هايۋانلارنىڭ ئىچىپ، ئېشىپ قالغان سۈيى پاكىز، تەھارەت ئېلىنىدۇ ھەم ئىچىلىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

14. گەرچە تەھارەت ئالغاندا ئوڭ تەرەپدىن باشلاپ يۇيۇلۇشقا بۇيرۇلسىمۇ، ئەگەر سول تەرەپدىن باشلاپ ئېلىپ قالسا، تەھارەتنى قايتا ئالمايدۇ، شۇ ھېساب بولىدۇ دىگەنگە ئۇلار ئىجمائىقا كەلدى.

15. كامىل تەھارەت ئېلىپ، ئاندىن شۇ تەھارەت ئۈستىگە ئىككى ئۆتۈكنى كەيسە، ئاندىن تەھارىتى سۇنۇپ كەتسە،ئىككىنجى قېتىم تاھارەت ئالغاندا شۇ ئىككى ئۆتۈككە مەسىھ قىلىپ پۇتىنى يۇمىسىمۇ بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. چۈنكى، بۇ مەسىھ قىلىش ھەدىسى مۇتىۋاتىردۇر.

16. تەھارەت ئالغاندا، ئوڭ پۇتىنى يۇيۇپ بولۇپ، ئاندىن ئۆتۈكنى كىيىپ، ئاندىن سول پۇتنى يۇيۇپ، ئاندىن سول پاي ئۆتۈكنى كىيسە تەھارەت دۇرۇس بولىۋېرىدۇ،كىيىن مەسىھمۇ دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

17. مۇساپىرنىڭ ئىچكىدەكلا سۈيى بولسا، ئەگەر تەھارەت ئېلىۋەتسە، ئۇسساپ ئۆلۈشدىن قورقسا، تەيەممۇم قىلىپ، سۇنى ئىچىپ

ماڭسا بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

18. چاڭلىق تۇپراق ئۈستىگە، تۇپراق جىنسىغا تەيەممۇم قىلىش دۇرۇس دېگەنگە ئىتتىپاققا كېلىپ، ئىجمائ قىلىندى، بۇ ئايەتتە بار.

19. نامازنىڭ ۋاختى كىرىشتىن بۇرۇن تەھارەت ئېلىۋالسا، ۋاختى كىرگەندىن كېيىنمۇ شۇ تەھارەت كامىل ھېسابلىنىدۇ، ناماز ئوقۇسا بولىدۇ، دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى. چۈنكى، بىر تەھارەت بىلەن سۈنمىسا بەش ۋاخ ناماز دۇرۇس.

20. كىم تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇسا، ئاندىن شۇ نامازنىڭ ۋاختى ئۆتۈپ بولغاندا سۇنى كۆرۈپ قالسا، بۇ كىشى ئۇ نامازنى قايتا ئوقۇمايدۇ، دېگەنگە ئۇلار ئىجمائقا كەلدى، يەنى ساھابىلار، تابىئىنلار، ئىلىم ئەھلى.

21. كىم نامازنىڭ ۋاختى كىرىشتىن بۇرۇن تەيەممۇم قىلىۋالسا، ئاندىن نامازغا تۇرۇشتىن بۇرۇن سۇنى كۆرسە، ئۇنىڭ تەيەممۇم قىلغان تاھارىتى سۇنۇپ كېتىدۇ، شۇ سۇ بىلەن تەھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇيدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

22. سۇ بىلەن تەھارەت ئالغان كىشى تەيەممۇم قىلغان كىشىلەرگە ئىمام بولىدۇ، دېگەنگە ئىجمائ قىلىندى، ئەكسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ، يەنى تەيەممۇم قىلغۇچى ئىمام بولالايدۇ، چۈنكى، بۇمۇ ئوخشاش تەھارەت.

23. ئەگەر پەرىز نامازنىڭ ئەۋۋەلكى ۋاختىدا تەيەممۇم قىلغان بولسا، لېكىن نامازنى ئوقۇۋەتمەي مېڭىۋېرىپ، سۇ بار جايغا بېرىپ قالسا،

تەھارەتنى سۇنۇپ كېتىدۇ، تېخى ۋاقتى بار بولغاچقا سۇ بىلەن تەھارەت ئېلىپ، نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇيدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

24. ئەر ياكى ئايال كىشى چۈشىدە جىنسى مۇناسىۋەت قىلىپ ئېھتىلام بولسا، لېكىن ھۆللىكىنى تاپمىسا،مەني، سۇنى كۆرمىسە، غۇسلى تەھارەت ئېلىپ، يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولمايدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

25. ساھابىلاردىن، تابىئىنلاردىن بولغان ئىلىم ئەھلى، سۈيدۈك يەنى ئىنسان سۈيدۈكى نىجىس دىگەنگە ئىجمائقا، ئىتتىپاققا كەلدى، ئۇنتۇپ قالماق، بىز ئىجمائقا كەلدى دىگەنلەر دەل يۇقىرقىلار شۇدۇر.

26. ئۇلار جۇنۇبدىن، ھەيزىردار ئايالدىن، نىپاسداردىن چىققان تەر پاكىز، بۇ تەر يۇقۇپ قالغان كىيىمدە ناماز دۇرۇس ۋە جۇنۇپ يۇيۇنغىچە بەدىنىدىن چاچراپ كەتكەن سۇمۇ نىجىس ئەمەس دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

## نامازتوغرىسدائىجمائقاكىلىنگەن مەسىلەر.

## ناماز دۇرۇس بولىدىغان ئورۇنلار توغرىسىدا،

27. قوينىڭ قوتانلىرىدا ناماز دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، شافىئى رەھمەھۇللا ئەلەي، سۈيدۈك نىجىسلىرىدىن يىراق بولسۇن دەپ قويدى.

28. ھەيزىدار ئايالدىن ھەيز مەزگىلىدە ناماز ساقىت، ئوقۇمىسا قازاسىنىمۇ قىلمىسا بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

29. لېكىن، ھەيز مەزگىلىدىن باشقا ناماز ۋاجىپ بولىدىغان

ۋاقتتىمۇ تەرك ئەتكەن نامازنىڭ قازاسىنى قىلدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، چۈنكى، بۇ ناماز پاك ۋاقتتا قالدۇرۇلغان.

30. ھەيزدار ئايال، نىپاسدار ئايال بۇ مەزگىلدە ناماز ئوقۇمىغاندەك، رامىزانىمۇ تۇتمايدۇ، لېكىن، نامازنىڭ قازاسىنى قىلمىغان بىلەن ،رامىزاننىڭ قازاسىنى قىلشى ۋاجىپ. دىگەنگە ئىجمائقا كېلىندى.

31. نىپاسدار ئايالنىڭ پاك بولسلا غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇشى ۋاجىپ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

32. كالا، قويدەك ھالال ھايۋاندىن تېرىك تۇرغۇزۇپ كېسىۋېلىنغان گۆش، ياغلار نىجىس، مەينەت، ئۆزى ئۆلگەن ھايۋاندەك ھارام دىگەنگە ئىجمائقا كېلىندى.

33. ھالال ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن، يۇڭىدىن، تۈكىدىن پايدىلانسا بولىدۇ، مەيلى تېرىك سويۇلسۇن، مەيلى ئۆلتۈرۈلسۇن، مەيلى ئۆزى ئۆلسۇن دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائقا كېلىندى.

## نامازنىڭ ۋاختى توغرىسدا

34. پىشىننىڭ ۋاختى كۈن قايرىلشى بىلەن كىرىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

35. كۈن كىرىشلا شام نامازنىڭ ۋاختى كىرىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

36. بامداتىنىڭ ۋاختى، سۇبھى يورىسلا بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

37. كىم بامداتنى سۈبھىدىن كېيىن، كۈن چىقىشدىن بۇرۇن ئوقۇسا، ۋاختىدا ئوقۇغان بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

38. ئاراپاتتا ۋوقوف قىلغاندا، پېشىن بىلەن ئەسىرنى، نەھرى كېچىسى يەنى قۇربانلىق كېچىسى شام بىلەن خۇپتەننى جۈپلەپ ئوقۇسا بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

39. ئەزاننى قىبلىگە قاراپ ئېيتىش سۈننەت دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

40. مۇئەززىن، ئەزاننى ئۆرە تۇرۇپ توۋلايدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. ئەبۇ سەۋرى دېگەن ئالىم، ئىللەت بولسا، ئولتۇرۇپ توۋلىسىمۇ بولىدۇ دەپ ئايرىلىۋالدى.

41. بامداتتىن باشقا نامازلارغا ۋاختى كىرگەندىن كېيىن ئەزان توۋلىنىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، بامداتتا دۇرۇس.

42. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەمەللەر نىيەت بىلەن بولىدۇ دېگەن ھەدىسكە ئاساسەن، ناماز چوقۇم نىيەت بىلەن بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. لېكىن، نىيەتنى تىلدا دېيىشنى شەيخ ئۇسەيمىيىن، ئەلبانىيلار بىدئەت دېگەن.

43. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، نامازنى باشلىغاندا ئىككى قولىنى كۆتۈرگىنىگە ساھابىلار، تابىئىنلار، ئەھلى ئىلىم ئىجمائىقا كەلدى، بۇنىڭ ھەدىسى مۇتىۋاتىردۇر.

44. كىم نامازغا، تەكبىر بىلەن ئىھرام باغلاپ، قول باغلاپ تۇرسا، ئۇ ناماز ئىچىگە كىرگەن بولىدۇ، بۇزسا قازاسىنى قىلىدۇ دېگەنگە

ئىجمائقا كەلدى.

45. نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، بىر يانغىلا سالام بېرىۋەتسە، نامىزى دۇرۇس، ئۇ نامازدىن چىققان بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ئىككى يانغا سالام بەرسە تېخىمۇ ئوبدان بولىدۇ.

46. كىم نامازدا قەستەن سۆز قىلسا، نامىزى پاسىد بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

47. ناماز ئوقۇۋېتىپ، يېمەك ــ ئىچمەكتىن چەكلىنىدۇ، يىسە، ئىچسە ناماز بۇزۇلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

48. كىم قەستەن سۆز قىلسا، يەپ ــ ئىچسە، يەنى ناماز ئىچىدە، ئۇ، بۇ نامازنى قايتا ئوقۇپ قازاسىنى قىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

49. ناماز ئىچىدە كۈلۈش، نامازنى پاسىد قىلىپ، بۇزىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

50. ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇستىگە سەۋەنلىك قىلىپ سالىسىمۇ سەجدە سەھۋە كەلمەيدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، مەكھۇل رەھمەھۇللا، ئەگەر ئۇ نامازغا كېيىن كېلىپ، ئۆزى مۇستەقىل ئوقۇغان نامازدا سەۋەنلىك قىلسا، سەجدە قىلىدۇ دېدى.

51. ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشى ساق ئوقىسىمۇ، سەۋەنلىك قىلمىسىمۇ ئىمام سەۋەنلىك قىلسا، ئىمام بىلەن تەڭ سەجدە قىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

52. بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك باللار ئۇستىگە جۈمئە ناماز پەرز ئەمەس، دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، لېكىن، قاتناشتۇرۇپ كۆندۈرسە

ياخشى.

53. ئاياللار ئۇستىگە جۇمئە نامىزى پەرىز ئەمەس، دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، بۇ ئىشلار ھەدىستىمۇ باردۇر.

54. ئەگەر ئاياللار جۇمئەگە ياكى باشقا نامازلارغا ھازىر بولۇپ، ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ، جامائەت بىلەن ئوقۇسا، پىتنە بولمىسا دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، بولۇپمۇ مەسجىدى ئايرىم بولسا، يەنى ئەرلەر مەسجىدكە يېقىن ياكى ئۇستىدە بولۇپ،تەگبىرنى لابا بىلەن ئاڭلايدۇ.

55. جۇمئە نامىزى ئۆزرىسى يوق، مۇقىم تۇرغان، بالاغەتكە يەتكەن ھۆر كىشىگە پەرىز دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

56. شۇنداقلا، جۇمئە نامىزى ئىككى رەكئەت ئوقۇلىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

57. كىم جۇمئە نامىزنى ئوقۇيالمىسا ياكى ئۇلگىرەلمىسە، ئۇنتۇپ قالسا، بۇ كىشى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

58. شەرىتلىرى تولۇق بولغان، كۆزى ئەما، كور كىشىنىڭ ئىمام بولۇشى ساق كىشىدەك دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ئەنەس ئىبنى مالىك بىلەن ئىبنى ئاببباس رە ئايرىلىۋالدى.

59. ھەج، جىھاد، ئىلىم ئۈچۈن بولغان سەپەرلەر قەسىر قىلىشقا تىگىشلىك مۇساپىدە بولسا، پىشىن، ئەسىر، خۇپتەننى ئىككى رەكئەت ئوقۇپ قەسىر قىلىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

60. بامدات نامىزى بىلەن شام نامىزىدا قەسىر قىلمايدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

61. مەككىدىن مەدىنىدەك جايغا سەپەر قىلسا، نامازنى قەسىر قىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، 80 ـ 90 كىلومېتىر دېگىنى فىقھى كىتابىدا بار.

62. قەسىر قىلماقچى بولغان كىشى يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ئۆزى تۇرغان يۇرتنىڭ بارلىق ئۆيلىرىدىن ئايرىلىپلا قەسىر قىلسا بولىدۇ. يەنى زاۋالدىن كېيىن، قەسىر قىلىشقا تېگىشلىك سەپەرگە ماڭسا، پېشىن ۋاقتى چىقىپ كەتكىچە ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ بولسا، قەسىر قىلىشقا باشلىسا بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، بۇ چېگرا ئايرىش مەسىلىسى.

63. مۇقىم تۇرغان ئادەم، مۇساپىرغا ئىقتىدا قىلىپ سالسا، مۇساپىر ئىككى رەكئەت ئوقۇپلا سالام بىرىۋەتسە، قالغان ئىككى رەكئەتنى مۇقىم كىشى ئۆزى تاماملاپ ئوقۇۋالىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

64. پەرز نامازنىمۇ ئۆرە، قىيامدا تۇرۇپ ئوقۇشقا قادىر بولالمىغان كىشى ئولتۇرۇپ ئوقۇسا بولىدۇ، بۇ كىشىدىن قادىر بولالمىغاچقا قىيام ساقىت بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

65. قادىر بولالىغان كىشىگە سەجدە قىلمىسا، ناماز ئادا تاپمايدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

66. ھەيزىدار ئايال، ھەيز كۆرۈۋاتقان كۈنلەردە ناماز ئوقۇمايدۇ ھەم قازاسىنىمۇ قىلمايدۇ، يەنى شۇ كۈننىڭلام، دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

67. رامىزان ئېيىدا ھەيزىدار ئايال روزا تۇتماي تۇرۇپ، كېيىن قازاسىنى قىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ھەدىستىمۇ شۇنداق بار.

68. قىز بالا ھەيز كۆرسە، كېسەل بولسا، يەنى ئاياللار كېسىلى

بولۇپ، بالاغەتكە يەتسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بارلىق پەرىزلەر ۋاجىپ بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

69. مۇقىم تۇرغاندا ئۇنتۇپ قالغان ناماز مۇساپىر هالدا سەپەر قىلغاندا ئېسىگە كەلسە، مۇقىمغا ئوخشاش قەسىر قىلماستىن تولۇق ئوقۇلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

70. مەس كىشى نامىزىنى قايتا ئوقۇپ قازاسىنى قىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

71. باشقىلار ئىزدەۋاتقان، قېچىۋاتقان كىشى هايۋان ئۈستىدە (ياكى هازىر قاتناش قۇرالى) ئۈستىدە ناماز ئوقۇسا بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

## كىيىم ــ كېچەك توغرىسىدا، بولۇپمۇ نامازغا ئالاقىدار بولغانلىرى توغرىسىدا

72. ئەر كىشىنىڭ نامازدىكى يېپىشقا تېگىشلىك ۋاجىپ بولغان جاي، ئالدى ئارقىسى يەنى ئەۋرەت، دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

73. بالاغەتكە يەتكەن هۆر ئايال كىشى نامازدا بېشىنى، چېچىنى يېپىشى لازىم، ئەگەر بېشى، چېچى ئوچۇق هالدا ناماز ئوقۇسا، بۇ ناماز پاسىد، قايتا ئوقۇيدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

74. دىدەك، قۇل، چۆرە بولسا، بېشىنى، چېچىنى ياپمىسىمۇ بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، لېكىن، هەسەن بەسەرى بۇمۇ چېچىنى ياپىدۇ دېدى.

## ۋىتىر توغرىسىدا

75. خۇپتەن بىلەن بامدات نامىزىنىڭ ئارىلىقى ۋىتىرنىڭ ۋاختى دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

76. سۈرە ھەجنىڭ بىرىنچى سەجدىسىگە يەنى بىرىنچى سەجدىدە سەجدە قىلىنىدۇ دىگەنگە ئىجمائ قىلىندى، ئىككىنجى سەجدىنى بولسا شافئى رەھمەھۇللا سەجدە قىلىنىدۇ دەپ بىكىتتى، سەجدە قىلسا بولىۋېرىدۇ.

## جىنازا نامزى توغرىسىدا

77. ئايال كىشى، ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، ئېرىنى يۇسا بولىدۇ، دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

78. ئايال كىشى كىچىك سەغىيرە باللارنى، ئوغۇل بالا بولسىمۇ يۇسا بولىدۇ، دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

79. مىيىت خۇددى جۇبۇنلىقدىن غۇسلى تەھارەت ئالغاندەك، غۇسلى قىلدۇرۇلىدۇ، يەنى چوڭ تەھارەت ئالغاندەك يۇيۇلىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

80. مىيىت، يىپەك رەختىكە كىپەنلەنمەيدۇ، بۇ دۇرۇس ئەمەس دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

81. چۈشۈپ كەتكەن كىچىك بالا، ھاياتلىقى مەلۇم بولسا، ئاۋاز

ياكى ھەرىكەت قىلسا، ناماز چۇشۇرۇلىدۇ، دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

82. ھۆر مىيىت بىلەن قۇل مىيىتكە بىللە ناماز چۇشۇرۇشكە توغرا كەلسە، ئىمام تەرەپتە ھۆر مىيىت قويۇلىدۇ، قۇل، قىبلە تەرەپكە قويۇلىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

83. جىنازا نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن، تۇنجى قېتىم خۇددى پەرىز نامازلارغا قول كۆتەرگەندەك قۇل كۆتۈرۈپ تەكبىر ئېيتىدۇ، ئىھرام باغلايدۇ، دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، بەزى مۇجتەھىدلەر ھەربىر تەكبىردە قولنى كۆتۈرىدۇ دىگەن.

84. مىيىتنى دەپنە قىلىپ، كۆمۈپ قويۇش، مۇسۇلمانلار ئۈستىگە ۋاجىپ، بۇ ئىشنى تەرىك ئېتىش ئۇلارغا قەتئىي لايىق ئەمەس، ئەگەر بىر بۆلۈك كىشىلەر دەپنە قىلىپ قويسا، قالغانلاردىن ساقىت بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

## زاكات توغرىسدا ئىجمائىقا كېلىنگەن مەسلىلەر

85. تۆگە، كالا، قويلارغا زاكات پەرىز بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، ھەدىستىمۇ شۇنداق.

86. بەش تۆگىنىڭ تۆۋىنىدە زاكات يوق دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

87. شۇنداقلا، بەش تۆگىگە بىر قوي بېرىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

88. 40 قوينىڭ تۆۋىنىدە زاكات يوق دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

89. 40 قويغا 120گە يەتكىچە بىر قوي بېرىدۇ، 120 دىن بىر قوي ئېشىپ كەتسە، ئىككى قوي.... دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

90. قوتازنىڭ، سۇ كالىسىنىڭ ھۆكۈملىرى كىشىلەر ئىشلىتىۋاتقان يەرلىك كالىنىڭ ھۆكۈمىدە بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

91. قوي بىلەن ئۆچكە زاكاتتا بىرگە سانىلىدۇ، پەرىقلەنمەيدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

92. بۇغداي، قوناق، ئارپا، شال، خورما، يىمىش قاتارلىقلارغا زاكات، ئۆشرە پەرىز بولىدۇ، دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

93. تۆگە، كالا قويغا، كالا تۆگىگە، قوي كالا تۆگىگە،تۇگە كالا ـ قويغا قوشۇپ ھېسابلانمايدۇ، ھەر قايسىسى ئايرىم ـــ ئايرىم ھېسابلىنىدۇ، مىقدارى ئۆلچەمگە يەتسە، زاكات كېلىدۇ، كاملاپ قالسا، زاكات كەلمەيدۇ، ئۆزئارا قوشۇپ سانالمايدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

94. شۇنىڭدەك، خورما يىمىشكە، يىمىش خورمىغا قوشۇپ ھېسابلانمايدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، بۇغداي، قوناقلارمۇ شۇنداق.

95. زاكات خادىمى مۆلچەردە ئۆلچىگەندىن كېيىن، تېخى زاكاتنى تولۇق ئېلىپ بولالماي تۇرسا، ئاپەت يەتسە، ئۆشرە ـــ زاكات يوق بولىدۇ، ئاپەت ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، ئەلۋەتتە، يوق نەرسىگە زاكات يوق.

96. بەش ئاۋاق يەنى 200 دەرھەمنىڭ تۆۋىنىدە زاكات يوق دىگەن ھەدىسكە ئىجمائىقا كەلدى.

97. ھەر 200 دەرھەمگە 5 دەرھەم يەنى $\frac{1}{40}$ پەرىزدۇر دىگەنگە

ئىجمائقا كەلدى، بۇ دەرھەم، 200 دەرھەم ئۆز ۋاختىدا 20 مىسقال ئالتۇنغا تەڭ ئىدى، يەنى جۇڭگو پۇلى بويىچە 6000 مىڭ يۈەن، ئەمما، ھازىر كۈمۈش، ئالتۇننىڭ نەرقىگە قارىغاندا بالدۇرقىدىن ئەرزان بولۇپ كەتتى.

دەرھەم دىگەن، كۈمۈش پۇل بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتنىڭ قەغەز پۇللىرىغا قىممىتى ئۆلچىنىدۇ. باي رايۇنغا ئالتۇننى ئۆلچەم قىلىپ، 20 مىسقال ئالتۇن ياكى شۇنىڭ قىممىتى ئۆلچىنىدۇ، نامرات رايونغا زاكات كۆپ بېرىلسۇن ئۈچۈن، كۈمۈشنى ئۆلچۈم قىلىنىدۇ، 200 دەرھەم كۈمۈشنى ئۆلچەم قىلىپ قىممىتىنى ئۆلچەپ، مۇشۇ مىقدارىغا يەتسە، ئاندىن زاكات ۋاجىپ بولىدۇ، ھازىر 200 دەرھەم كۈمۈش 20 مىسقال ئالتۇنغا تەڭ بولماستىن، ئەرزان بولۇپ قالدى، ئالتۇن 6000 يۈەن بولسا، كۈمۈش 3000 يۈەن بولۇپ قالدى، بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنى نىساپ، مىقدار ئۆلچەم قىلىشنى ھازىرقى ئالىم، مۇجتەھىدلەر ئىجمائقا، ئىتتىپاققا كېلىپ، باي،ۋە نامرات رايونلارغا قاراپ بېكىتسۇن، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

98. ئالتۇن 20 مىسقالغا يەنى 200 دەرھەم كۈمۈش پۇلغا يەتسە ياكى مۇشۇ ئۆلچەمگە باشقا پۇلنىڭ ياكى مالنىڭ قىممىتى يەتسە، زاكات ۋاجىپ بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، لېكىن، بىز دىگەنىدەك، كۈمۈش ھازىر ئەرزان بولۇپ قالدى.

99. ئالتۇن 20 مىسقالغا، كۈمۈش 200 دەرھەمگە، باشقا پۇل ماللار مۇشۇلارنىڭ قىممىتىگە يەتمىسە، زاكات كەلمەيدۇ دىگەنگە ئىجمائقا

كەلدى.

100 . ئالتۇن كان، كۈمۈش كان قېزىۋېلىنسا، $\frac{1}{5}$ ۋاجىپ بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

101 . شۇنداقلا ئالتۇن ــ كۈمۈشنى تېپىۋالغۇچىغا مەخپى بايلىق ئۇچقاپ قالغۇچىغا، خارابىستانلىقدىن بايلىق تاپقۇچىغىمۇ $\frac{1}{5}$ ۋاجىپ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

102 . مالغا، ئالتۇن ــ كۈمۈشكە ياكى شۇنىڭ قىممىتىدىكى پۇلغا ساق بىر يىل ئۆتسە، ئاندىن زاكات ۋاجىپ دىگەنگە ئىجمائاقا كەلدى، ۋاجىپ دىگەن پەرىز شۇدۇر.

103 . مالغا، زاكات، يىل توشقاندا ۋاجىپ بولىدۇ، ۋاجىپ بولغاندىن كېيىن ياكى بالدۇر بېرىۋەتسە دۇرۇس بولىدۇ، ئادا تاپىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، كېچىكتۈرۈش ياخشى ئەمەس.

104 . مۇكاتەپ قۇلنىڭ مېلىغا ئازات بولمىغۇچە زاكات كەلمەيدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، مۇكاتەپ قۇل مەلۇم مىقداردا پۇلنى تۆلىسە ئازاد بولۇپ كېتىدىغان قۇلدۇر.

105 . رامىزان ئېيىدا بېرىدىغان سەدىقە، پىتىر پەرىز دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

106 . سەدىقە، پىتىر ئۆزىدىن، ئائىلىسىدىن پۇل ــ مېلى يوق باللىرىدىن ئادا قىلالىغۇدەك، قادىر بولالىغان كىشىگە پەرىز بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

107 . سەدىقە، پىتىرنى قول ئىلكىدىكى قۇللىرىدىن يەنى شۇ قۇل

تـوغرىسىدىنمۇ بىرىدۇ، خوجايىن بىرىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

108. ئىسلام دۆلىتىدە ئەمىنلىك تەلەپ قىلىپ ئولتۇرغان زىممىي دىنىسىزنىڭ مۇسۇلمان قولىغا سەدىقە، پىتىر پەرىز ئەمەس دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

109. ئايال كىشى ئەرگە تېگىشتىن بۇرۇن سەدىقە، پىتىرنى ئۆزى ياكى ئاتا ـــ ئانىسى بىرىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، كېيىن ئېرى بىرىدۇ.

110. تېخى تۇغۇلمىغان ھايۋانلارنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمىگە زاكات كەلمىگەندەك، ئانىنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمىگە سەدىقە، پىتىر پەرىز ئەمەس دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى. ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللا ۋاجىپ قىلمىسىمۇ بېرىلىشىنى ياخشى كۆرەتتى.

111. سەدىقە، پىتىرنى ئادا قىلىشتا ئارپا، قوناقلار بىر سادىن كام بولسا، (يەنى ئالتە جىڭ ئەتراپىدا) ئادا تاپمايدۇ، تولۇق بىر سا بېرىش كېرەك دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

112. بۇغدايدىن يېرىم سا يەنى ئۈچ جىڭ بەرسە، دۇرۇس دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

113. يۇقىرىدا دېگەندەك، زىممىي ئەھلىگە يەنى دىنىسىزغا زاكات، ئۆشرە ياكى سەدىقە، پىتىرنى بەرسە، قەتئىي دۇرۇس ئەمەس، ئادا تاپمايدۇ، دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

114. تىجارەت ماللىرىغىمۇ بىر يىل توشسا زاكات ۋاجىپ بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، مەسىلەن: كالا 30غا، قوي قىرىققا يەتمىسە،

زاكات يوق، لېكىن، كالىچى، قويچىلار تىجارەت قىلسا، ئېلىپ سېتىۋاتقان كالا قويلىرىمۇ ھېسابلاپ زاكات ئېلىنىدۇ، پۇل تېپىۋاتقان ماشىنىلار، كىرا قىلىۋاتقان ماشىنىلار ھېسابلاپ زات ئېلىنىدۇ، چۈنكى، ھەممىسى تىجارەت مېلى.

115. ئۆشرە ــ زاكاتنى، سەدىقە، پىترىنى ئاللاھ سۈرە تۆۋبە 60 ــ ئايەتتە تىلغا ئالغان، پېقىر، مىسكىندەك سەككىز سىنىپقا بەرسە، تولۇق ئادا قىلغان بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. لېكىن، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىشقا بېرىلىدىغانلارنى مەنسۇخ دېگەنلەر بار، ئەمەلدىن قالغان.

116. ئۆشرە ــ زاكاتلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ياكى ئەلچىسىگە ئۆشرە ــ زاكاتنى يىغىپ ئەكىلىشكە بۇيرۇغان خادىملىرىغا بېرىلەتتى، ئاندىن ئاللاھ كۆرسەتكەندەك ئادا قىلاتتى، ھازىرمۇ ئىسلام دۆلەتلىرىدە شۇنداق قىلىنىشى لازىم دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. ئەگەر ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلمىغان جايلاردا ياكى دىنسىزلار دۆلىتىدە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ئاشۇ سەككىز سىنىپقا بەرسە بولىدۇ، بۇنىڭغا سەھىھ ھەدىس دەلىل، مەسىلەن: تاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۆگە، كالاڭنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىل.

ئىمانىنى ئېلىپ، پىتنىدىن قېچىپ، تاغ چوققىسىغا قويلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتكەن كىشىنىڭ ھەدىسى، شۇنداقلا، ئى زاكات خادىملىرى، ئۆشرە ــ زاكاتنىڭ $\frac{1}{3}$ نى ئېگىسىگە قالدۇرۇڭلار ئۇلارمۇ خوشنىسىغا ۋە پېقىر تۇققانلىرىغا بېرىۋالسۇن دېگەن ھەدىسلەر دەلىل.

117. ئۆشرە ـ زاكات، كاپىر، مۇناپىق دىنىسىزغا بېرىلمەيدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى. مەسىلەن: بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇمىسا، زاكات بېرىلمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ قەستەن ئوقىمىسا، تانىسا، ئىنكار قىلسا، كاپىر بولىدۇ.

ئەگەر ھورۇنلۇق قىلىپ ئوقۇمىسا، دەرھال كاللىسى ئېلىنىدۇ، بۇ جۇمھۇر مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ بىردەك ئىتتىپاققا كەلگەن ئىجماسى پەقەت ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللا ئۈچ كۈن سولاپ قويۇپ، ئاندىن ئۆلتۈرۈلىدۇ دېگەن ،ۋەياكى ئۆلگىچە سۆلاپ قويۇلۇدۇ دېگەن. ئالىملار قانداق ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا قىلىچ بىلەن كاللىسى ئېلىنىسۇن دېگەن، مەخسۇس نامازنى تەرىك ئەتكۈچىنىڭ ھۆكمى ناملىق كىتابلارنى كۆرۈڭ، مەسىلەن: ئۇسەيمىيىنىنىڭ كىتابىدەك. مۇسلىمنىڭ ھەدىسىغا ئىمام نەۋەۋى يازغان شەرھىگە قاراڭ، ھۆكۈم ئوچۇق، رۇشەن بار. ئۆشرە ـ زاكاتنى ناماز ئوقۇمايدىغان كىشىگە كاللىسنى ئېلىشىتىپ بېرەمدۇق؟ ئۇ ئۆلۈك قانداق ئىستېمال قىلالايدۇ؟ ئويلاپ بېقىڭ.

118. ئۆشرە زاكاتنى ئاتا ـ ئانىسىغا چوڭ دادا، ئانىلارغا ياكى باللىرىغا نەۋرىلىرىگە بەرسە دۇرۇس ئەمەس، ئادا تاپمايدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

119. ئەر كىشى ئۆزىنىڭ ئايالىغا زاكات، ئۆشرە بەرسە، دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى، نەپىقە، چىقىم ئەرنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

120. مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىدىن ئالغان نەرسىلىرىگە ئۆشرە

يەنى $\frac{1}{10}$ نى بىرىش پەرىز بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. نىساپ، مىقدار، ئۆلچەمگە كەلسەك، ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللا ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن، ھەممىگە $\frac{1}{10}$ كېلىدۇ دىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا جۇمھۇر، مۇجتەھىد ئالىملار، ئۇ ھەدىس ئام بولىدۇ. بەش ۋەسىق 300 سا يەنى 1800 جىڭ ئەتىراپىغا يەتمىسە، ھېچنېمە ۋاجىپ ئەمەس دىگەن سەھىھ ھەدىس، خاس بولۇپ، مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ئايرىلىدۇ دىگەن. ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇنىڭ كىتابىغا ۋە باشقا سەھىھ كىتابلارغا قاراڭ.

121. ئەھلى زىممىيلەردىن جىزيە ئېلىنىدۇ، قان بېجى ئېلىنىدۇ، ئۇندىن باشقا، ئۆشرە ـ زاكات ئېلىنمايدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. خىراج، چىقىم قويۇشمۇ باردۇر، بازار باشقۇرۇشدەك.

## رامىزان ۋە ئىتكاپ توغرىسىدا

122. رامىزان ئايلىرىدا ھەر كۈنى نىيەت قىلىپ، روزا تۇتسا، روزىسى كامىل، ئادا تاپىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

123. زوھۇرلۇق يىيىش، سۈننەت ياخشى ئىشتۇر دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

124. قەستەن بولماستىن ھۆ قىلىپ سالسا، قۇسۇق ئۆزى غالىپ كېلىپ كەتسە، ھېچ ئىش يوق دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

125. قەستەن ھۆ قىلىپ، قۇسۇۋەتكەن كىشىنىڭ روزىسى سۇنىپ كېتىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، قازاسىنى قىلىپ، كاپارەت بېرىلىدۇ.

126. ئېغىزنىڭ ھۆللىكى، شالىسىدىن ساقلىنالمىغاچقا،

تۆكرۈكلىرى بىلەن شالى گىلىدىن ئۆتۈپ كەتسە، ھېچ ئىش يوق، كېرەك يوق دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

127. ئەگەر قەستەن رامىزاننى بۇزۇپ، 60 كۈن، ئۇدا ئىككى ئاي ئارقىمۇ ــ ئارقا رامىزان تۇتىدىغان ئايال كىشى بۇ رامىزاننى تۇتۇش جەريانىدا تەڭ بولۇپ، ھەيز كۆرۈپ قالسا، ساقايغاندا ئۇلاپ تۇتۇۋېرىدۇ. ئارىلىق ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولمايدۇ، چۈنكى، ھەيز ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى ئەمەس دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

128. بەك قېرىپ كەتكەن ئاجىز كىشلەر رامىزان ئايلىرىدا يەۋىرىپ، ئىچۋېرىپ، قادىر بولالىسا، فىدىيە بېرىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

129. ئىتكاپ قىلىش، پەرىز ياكى ۋاجىپ ئەمەس، سۈننەت، ئەگەر كىشلەر ئۆزىگە ئۆزى ۋەدە قىلىپ، ۋاجىپ قىلۋالسا، ۋاجىپ بولىدۇ، ۋاپا قىلىشى لازىم دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

130. ئېتىكاپ قىلىش، مەسجىد ھەرەمدە، مەدىنىدىكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدىدە ئېيلىيا مەسجىدىدە بەيتۇلمۇقەددەستە دۇرۇس بولىدۇ دېگەنگە ئىجمئائقا كەلدى.

131. ئېتكاپ قىلغۇچى مەسجىددىن چوڭ ــ كىچىك تەرەت قىلىشدەك ئىنسانىنىڭ زۆرۈر ھاجەتلىرىگە چىقسا بولىدۇ، ئېتكاپ بۇزۇلمايدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

132. ئېتكاپ قىلغۇچى ئېتكاپ جەريانىدا جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشدىن چەكلىنىدۇ، دۇرۇس ئەمەس، ئەگەر ئۇنداق قىلسا، ئېتكاپ

بۇزۇلىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

133 . شۇنداقلا قۇچاقلىشىش، يالىڭاچ شۇنداق قىلىش چەكلىنىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

ئېسىڭلاردا بولسۇن!

نۇر ئۈستىگە نۇر، ھۆججەت ــ ئۈستىگە دەلىل ھۆججەت بولسۇن ئۈچۈن، يۇقىرقى نۇرغۇن ئىجمائ قىلىنغان مەسىلىلەرگە ئايەت، ھەدىسلەر دەلىل بولسىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىرگەئىجمائ قىلىنغان. ئىجمائقا كەلگىنى ساھابىلاردىن تابىئىنلاردىن ئىبارەت ئىلىم ئەھلىدۇر.

## ھەج توغرىسىدا ئىجمائقا كېلىنگەن مەسىلىلەر

134 . ئەر كىشى ئايالىنى پەرز ئەمەس نەپلە ھەجگە بولغان سەپەرگە چىقىشىدىن توسالايدۇ، چەكلەش ھوقۇقى بار دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

135 . قادىر بولالىغان كىشىگە ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش، پەرىز دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. بۇ ئىجمائ، ئايەت، سەھىھ ھەدىسكە تايانغان، قۇرئان، سەھىھ ھەدىس ھەم ئىجمائ قىلىندى.

136 . پەرىز ھەجدىن باشقا، ئۆزىگە ــ ئۆزى ۋەدە قىلىپ قەسەم قىلىپ،ھەجنى ۋاجىپ قىلىۋالغان بولسا، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش ۋاجىپ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

137 . ھەجدە ئىھرام باغلايدىغان ئورۇنلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدە كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ

دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. بىز ئىجمائىقا كەلدى دىگەن مەسىلىلەردە بىرمۇ ئىختىلاپ، خىلاپلىق قىلىش يوق.

138 . ئەگەر ھەج قىلغۇچى «مىيقات» بەلگىلەنگەن ئورۇندىن بۇرۇن ئىھرام باغلىۋالسا، بۇمۇ دۇرۇس بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

139 . غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنمايلا ئىھرام باغلىسىمۇ دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

140 . لېكىن، غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولىدۇ دىگەنگە ھەسەن بەسرى بىلەن ئەتائ رەھمەھۇللادىن باشقىلار ئىجمائىقا كەلدى. مۇشۇ سۆزلەرگە قارىغاندا، بۇ ئىجمائ چوقۇم ساھابىلار بىلەن تابىئىنلار ئىجماسى ئىكەن، بىز بۇنى يۇقىرىدا سۆزلەپ بولغان.

141 . پەرز ھەجگە ئىھرام باغلىماقچى بولۇپ، ئۆمرە ھەجگە ئىھرام باغلاپ تىلىدا ئاۋاز قىلىپ سالسا، ياكى ئۆمرە ھەجگە نەپلە ھەجگە ئىھرام باغلىماقچى بولۇپ، تىلىدا ئاۋاز قىلىپ، پەرز ھەجگە ئىھرام باغلاپ سالسا، تىلى ئەمەس، دىلى، قەلبى ھېساب بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

142 . ھەج ئايلىرىدا مۇتلەق ھەجگىلا يەنى پەرز ياكى ئۆمرە ياكى نەپلە دىمەستىن مۇتلەق ھەجگە ئىھرام باغلىغان بولسا، ئاندىن بۇ ئىھرام بىلەن ئىسلام دىنىدىكى ئۆمرىدە بىر قېتىم پەرز بولىدىغان پەرز ھەجنى نىيەت قىلسا، بۇ ھەج پەرز ھەجدىن كۇپايە بولىدۇ، ئادا تاپىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، ئەمەل نىيەت بىلەن بولىدۇ.

143 . ھەجگە ئىھرام باغلىغۇچى، جىمائدىن يەنى جىنسى

مۇناسىۋەتتىن، ئوۋ ئوۋلاشدىن بەكلا خۇشپۇراق نەرسە ئىستمال قىلىشدىن، ئۆتۈكتەك ياكى يىڭنىدە قول بىلەن تىكىلگەن كىيىملەردىن چاچ تىرناقلىرىنى ئېلىشدىن چەكلىنىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

144 . ئىھرام باغلىغۇچى كىشى يۇقىرقى ئىشلاردىن ئىھرام ھالىتىدە چەكلىنىدۇ، ئىھرامدىن چىقسا، ھالال بولىدۇ، قان ئالدۇرۇش ۋە جىددى داۋالىنىش چەكلەنمەيدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ئىسگىزدە بولسۇن، ئىجمائىنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىر بولۇپ كېتىدۇ، چۈنكى، بۇ شەرئەت مەنبەسى.

145 . كىم ھەج قىلىش جەريانىدا ئەراپات تېغىدا ۋوۋقوف قىلىشدىن بۇرۇن جىمائ، جىنسى مۇناسىۋەت قىلىپ سالسا، بۇ كىشى ھەدىيە، قۇربانلىق، سوۋغا قىلىۋېتىپ، كېلەر يىلى قايتا ھەج قىلىدۇ، قازاسىنى قىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، چۈنكى، بۇ يىل ئۆتۈپ كەتتى، پۇرسەت يوق.

146 . ئىھرام باغلىغۇچى، چاچنى چۈشۈرىدىغان ۋاخ يېتىپ كەلمىگىچە، چېچىنى چۈشۈرۈشدىن، ياستىنشدىن، ئەۋرەتلىرىنىمۇ تازىلاشدىن چەكلىنىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

147 . ئەگەر زۆرۈر كېسەل، ئىللەت، سەۋەب، ئۆزرە بولسا، چېچىنى چۈشۈرسە بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

148 . لېكىن، بۇ كىشى چېچىنى چۈشۈرگەنگە فىدىيە بېرىدۇ، بىر قوي بېرىدۇ، تائام بېرىدۇ، ياكى ئۈچ كۈن روزا تۇتىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

149. ئىھرام باغلىغۇچى تىرنىقنى ئالسا بولمايدۇ، چەكلىنىدۇ، لېكىن، ئۆزى سۇنۇپ كەتسە، سۇنۇق تىرناقنى ئېلىۋەتسە بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

150. ئىھرام باغلىغۇچى، كۆڭلەك، سەللە، ئىشتان، ئۆتۈك، بۆك كىيىشتىن چەكلىنىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

151. ئىھرام باغلىغۇچى ئايال، كۆڭلەك، ئىشتان، تون، ئاباي، خومار سارغۇچ، رومال، ئۆتۈك كىيسە بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

152. ئىھرام باغلىغۇچى بېشىنى يۆگىۋېلىشتىن، يۈز ــ كۆزىنى چۈمكىۋېلىشتىن چەكلىنىدۇ، دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، لېكىن، ئاياللار مۇستەسنا دېگەنلەر بار.

153. ئىھرام باغلىغۇچى، زائېپران ۋەرەس ۋە باشقا خۇشپۇراق رەڭلىك نەرسلەر سېپىلگەن كىيىمنى كىيىشتىن چەكلىنىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

154. ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ئىھرام ھالەتتە نۇرغۇن ئىشلاردىن، نەرسلەردىن، قىلىقلاردىن ئوخشاشلا چەكلىنىدۇ، پەقەت بىر قىسىم كىيىملا بۇنىڭدىن مۇستەسنا دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

155. ئىھرام باغلىغۇچى ئىسسىدە بار تۇرۇپ قەستەن توشقاندەك بىرەر ھايۋاننى ئۇۋلايمەن دەپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، جازاسىنى تارتىشى لازىم دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

156. ئۇ مۇسىبەت يەتكۈزگەن ھايۋاننىڭ بەدىلىگە بىر قوي بېرىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

157. قوي ياكى قىممىتىنى بەرسە بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، قىممىتىنى بېرىدۇ دېگىنى نوئمان.

158. دېڭىز ئوۋلىرى، هايۋانلىرى ئىهرام باغلىغۇچىغا هالال ۋە مۇباھ، يېسە، ساتسا، سېتىۋالسا بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

159. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەھىھ ھەدىستە، رۇخسەت قىلغان هايۋانلارنى يەنى يىلان، چايان، غالجىر ئىت، چاشقانلارنى ئۆلتۈرسە بولىدۇ دېگەنگە يەنى ئىهرامدا، ھەرەمدە بولسىمۇ ئۆلتۈرىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

160. ئەگەر يىرتقۇچ هايۋان ئىهرامدىكى كىشىگە زىيان ـــ زەخمەت يەتكۈزسە، ئۇ كىشى بۇ هايۋاننى ئۆلتۈرۈۋەتسە ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچنېمە كەلمەيدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

161. ئىهرامدىكى كىشىنىڭ بۆرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش هوقۇقى بار دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

162. ئەگەر، ئىهرامدىكى كىشى، ئىهتىلام بولۇپ قالسا، غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنسا بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

163. ئىهرام باغلىغۇچى مىسۋاك سالسا بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

164. ئىهرام باغلىغۇچى زەيتۇن، گۆش، ياغ يېسە بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

165. ئىهرام باغلىغۇچى زەيتۇن يېغى بىلەن بېشىدىن باشقا جايىنى ياغلىسا بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

166 . ئىھرام باغلىغۇچى مۇنچىغا كىرسە بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، مالىك رەھمەھۇللا ئايرىلدى.

167 . ھەجەر ئەسۋەتنىڭ ئۈستىگە بېشىنى قويۇپ، ئاللاھقا سەجدە قىلىش دۇرۇس دەپ ئىجمائ قىلىنغان بولسىمۇ، مالىك رەھمەھۇللا بۇ بىدئەت دىگەن.

168 . بەيتۇللانىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىپ ئايلانغۇچى، سەفا — مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا ماڭغۇچى ئاياللار ئويناخشىپ ماڭسا بولمايدۇ، رەمىل قىلىش، سەكرەش، ئەركىلەش چەكلىنىدۇ دىگەنگە ئىجمائ قىلىندى، ھېچبىر ئايال كىشىنىڭ بۇ ئىجمائنى بۇزۇۋېتىش ھوقۇقى بولمايدۇ.

169 . تاۋاب قىلىش جەريانىدا سەفا — مەرۋىدە مېڭىش جەريانىدا سۇ ئىچىۋالسا دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

170 . كىم تاۋاب قىلغۇچە شەك قىلسا، نەچچە بولغىنىنى بىلەلمىسە، گۇمان قىلىپ قالسا، شەكسىز ئىشەنچ ئۈستىدە قىلىشى لازىم، يەنى ساق، تولۇق قىلىشى لازىم دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

171 . ئەگەر يەتتە قېتىم تاۋاب قىلىش جەريانىدا پەرىز نامازغا تەكبىر ئوقۇلۇپ قىلىپ، ئۈزۈلۈپ قالسا، نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن ئاخىرىنى تولۇقلاپ تاۋاب قىلىدۇ، يەتتىگە توشتۇرىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللا باشتىن باشلاپ قىلىدۇ دېدى.

172 . كىم يەتتە قېتىم تاۋاب قىلىپ بولۇپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، توغرا قىلغان بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

173 . كېسەل، مېيىپ كىشىلەر تاۋاب قىلدۇرۇلىدۇ دىگەنگە

شۇنداق قىلسا، ئادا تاپىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، ئەتائ رەھمەھۇللا ئەجرىنى تاۋاب قىلغان، تاۋاب قىلدۇرغان كىشى ئالىدۇ دەپ تۇرىۋالدى.

174. كىچىك بالىلارمۇ كەئبىنى تاۋاب قىلدۇرۇلىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، چۈنكى، ھەجمۇ قىلدۇرۇلىدىغان تۇرسا.

175. بەيتۇللا مەسجىدىنىڭ سىرتىدىن تاۋاب قىلىش دۇرۇس ئەمەس، ئادا تاپمايدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، پەقەت ئامال بولمىسا، ئامال يوق.

176. زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئارقىدىن تاۋاب قىلىش دۇرۇس، ئادا تاپىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، بۇ قۇدۇق مەسجىد ھەرەمنىڭ ئىچىدە بولسا شۇنداق.

177. تاۋاب قىلىپ بولغۇچە ئىككى رەكئەت نامازنى نەدە خالىسا ئوقۇسىلا بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، چۈنكى، بۇ مەسجىد ھەرەمدە ئوقۇيدۇ ــ دە!

178. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەقامى ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇپ بولۇپ، بەيتۇللانى تاۋاب قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ھەجەر ئەسۋەتنى رۇكنى دىگەن تاشنى سۆيگىنىگە ساھابىلاردىن، تابىئىنلاردىن ئىبارەت ئىلىم ئەھلى ئىجمائىقا كەلدى.

179. سەفا ــ مەرۋى تېغى ئارىلىقىدا مېڭىش جەريانىدا سەفا تېغىدىن باشلاپ يەتتە بېرىپ كېلىشنى مەرۋە تېغى بىلەن ئاخىرلاشتۇرسا سۈننەت بويىچە توغرا قىلغان بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

180. سەفا ــ مەرۋىنىڭ ئارىلىقىنى تاھارەت بىلەن سەئيي قىلىپ

مېڭىش لازىم دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

181. مەككىگە ناھايىتى يىراق جايدىن ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە ھەجنى نىيەت قىلىپ ئىھرام باغلاپ كېلىپ، ئاندىن بۇ ھەجدىن بىكار بولۇپ، پەرىز ھەجنىمۇ قىلسا، ئۇ چاغدا بۇ كىشى تەمەتتۇئ ھەج قىلغان بولۇپ، تاپالىسا ھەدىي بېرىشى لازىم، مەسىلەن: قوي، كالا، تاپالمىسا روزا تۇتىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

ھەج تەمەتتۇئ دىگەن پەرىز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجنى ئايرىم — ئايرىم ئىھرام باغلاپ قىلىشتۇر،ئىككىگە بىراقلا ئىھرام باغلىسا، قىران ھەج بولىدۇ، يالغۇز پەرىز ھەجنىلا نىيەت قىلسا، ئىپرات ھەج بولىدۇ.

182. ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە ھەج قىلمەن دەپ مەككىگە كىرگەن كىشىنىڭ ئۇستىگە ھەجمۇ يېتىپ كېلىدۇ، بۇ ھەجنىمۇ قىلىشى لازىم دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

183. ئاراپاتنىڭ ئىشلىرىنى ۋوقوپنى ۋاقتىغا رىئايە قىلىپ، تولۇق قىلسا، ئاراپات كېچىسى قونۇپ قالسىمۇ ھېچ ئىش يوق دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

184. ھاجىلار مىنا تېغىغا خالىغانچە، خالىغان جايغا چۈشەلەيدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

185. ئىمام، ئاراپات كۈنى بۇ جايدا پىشىن بىلەن ئەسىرنى جۈپلەپ ئوقۇيدۇ، يالغۇز كىشىمۇ شۇنداق قىلىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

186. ئاراپاتقا ۋوقۇپ قىلىپ تۇرۇش پەرىز، كىم بۇ ئىشنى

قىلالمىسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن ھەج يوق بولىدۇ، كېلەر يىلى قايتا قىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

187. كىم ئاراپات كۈنى كۈن قايرىلغاندىن كېيىن ئاراپات تېغىدا مەيلى كېچە، مەيلى كۈندۈز ۋوقۇپ قىلالىسا، ھەجنى تاپقان بولىدۇ، ھەج كامىل بولىدۇ دېگەنگە ئىتتىپاققا، ئىجمائقا كەلدى.

188. ئاراپاتتا تەھارەت بىلەن ۋوقوف قىلىپ تۇرىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

189. بۇ چاغدا ھەج قىلغۇچى ھاجىلار شام، خۇپتەن ئارىلىقىنى جۈپلەپ ئوقۇيدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

190. بۇ ئارىلىقدا نەپلە ئوقۇمايدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

191. جەمئى تېغىدا تاشنى كېچىكتۈرۈپ ئاتسىمۇ كۇپايە قىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

192. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەھرى كۈنى، يەنى قۇربانلىق كۈنى ئەقبە تېشىنى كۈن چىققاندىن كېيىن ئاتقان دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

193. نەھرى كۈنى ئەقبە تېشىنى سۈبھى يورىغاندىن كېيىن، كۈن چىقىشىدىن بۇرۇن ئېتىۋەتسە، دۇرۇس، كۇپايە بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

194. تاشنى قانداق ھالەتتە ئاتسا، تاش ماكانغا توغرا يەتسە، كۇپايە قىلىدۇ، دۇرۇس دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

195. قۇربانلىق كۈنىدىن كېيىنكى تەشرىق كۈنلىرى كۈن

قايرىلغاندىن، زاۋالدىن كېيىن، تاش ئاتسىمۇ كۇپايە قىلىدۇ، دۇرۇس بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

196. چاچنى،ئىهرامدىن چىققاندا ئۇستۇرىدا چۈشۈرسە دۇرۇس، ياخشى بۇلۇدۇ، چۈشۈرتۈش ئەبزەل دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

197. ئاياللار ھەج قىلغاندىمۇ چېچىنى چۈشۈرمەيدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

198. كۆچۈشتىكى تاۋاپ ۋاجىپ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

199. نەھرى كۈنىدىكى تاۋابنى كېچىكتۈرۈپ تەشرىق كۈنىدە قىلىۋالسا يەنى قۇربانلىق كۈنىدىن كېيىنكى 2 ـ، 3 ـ، كۈنى قىلىۋالسا، ھەجنى ئادا قىلغان بولىدۇ، پەرز ئادا تاپىدۇ، ھېچنېمە كەلمەيدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

200. تاش ئېتىشقا قادىر بولالمايدىغان كىچىك بالا ياكى قېرى كىشى ھەققىدىن باشقىلار تاشنى ئېتىپ قويسا بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

201. ئىهرامدىن ھالال بولۇپ چىققاندا، چاچنى چۈشۈرمەي، ياساتىسىمۇ كەستۈرسىمۇ بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. لېكىن، ھەسەن بەسرى، ئىسلامدىكى پەرز ھەجگە چوقۇم چۈشۈرۈشى لازىم دېدى.

202. ھەج كۈنلىرى مىنا تېغىغا چىققان كىشى نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇمايدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

203. ھەجنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆيىگە مىنادىلا قايتماقچى بولغان

كىشى تاشنى ئېتىپ بولغان بولسا، تەشرىق كۈنىنىڭ 2 ــ كۈنى كۈن قايرىلىپ زاۋالدىن كېيىن كۆچۈپ ماڭسا بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

204. كەئبىنى كۆچۈش، تاۋابى قىلىشدىن بۇرۇن سەفا ــ مەرۋە ئارىلىقىدا مېڭىشدىن بۇرۇن جىنسى مۇناسىۋەت قىلىۋەتكەن كىشى ھەجنى بۇزغان بو لىدۇ، بۇ قايتا قىلىسۇن دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

205. ھەرەمنىڭ سىرتىدا ئۆمرە ھەجگە ئىھرام باغلىغان ئادەم ياكى ھەرەمدىن ئۆمرە ھەجگە ئىھرام باغلاقلىق چىقىپ كەتكەن ئادەم قايتا ھەرەم ئىچىگە كىرىپ ئىھرام باغلايدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

206. بەيتۇللاغا يېتىپ بېرىشقا ئىشەنچ قىلالمىغان كىشى، يەنى بارالمىغان كىشى ئىھرامدىن چىقىش ھالال بولىۋېرىدۇ، ھەدىيىنى ئەۋەتىدۇ، ئامال بار، ھەجنى كامىل قىلىش ئۈچۈن ماڭىدۇ، ئامال قىلالمىسا كېلەر يىلى قىلىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

207. پەرىز ھەجنى قىلىشقا قادىر بولالىغان كىشى ھەققىدىن باشقىلار ھەج قىلىپ قويىسا دۇرۇس ئەمەس، ئادا تاپمايدۇ، چوقۇم ئۆزى قىلىشى لازىم دىگەنگە ئىجمائ قىلىندى.

208. قادىر بولالمىغان كىشى توغرىسىدا ياكى ھەج گەدىنىدە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ھەققىدە، ئەر ئايالدىن، ئايال ئەردىن ھەج قىلىپ قويىسا دۇرۇس بولىدۇ، ئادا تاپىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

209. ئەمەلىيەتتە كىچىك، بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارغا ھەجە پەرىز ئەمەس، ساقىتتۇر دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

210. مەجنۇن ھەققىدە باشقىلار ھەج قىلىپ قويغان بولسا، كېيىن ساقىيىپ قالسا، كىچىك بالا ھەققىدە ھەج قىلىپ قويغان بولسا، كېيىن بالاغەتكە يەتسە، بۇ ئىككىلىسى ئۆزلىرى ھەج قىلمىسا، باشقىلار قىلىپ قويغان ئۇ ھەج پەرىز ھەجگە ھېساب بولمايدۇ، قەرزى ئادا تاپمايدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.كىيىن قادىر بۇلالىسلام.

211. قادىر بولالمىغان يۇقىرقىدەك كىشلەر ئۆز يېنىدىن پۇل، مال چىقرىپ، ھەج قىلدۇرۇشى لازىم، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا، ھەج پەرىز بولمايدۇ دىگەنگە ئىجمائ قىلىندى.

212. مەككە ـ مەدىينىدىكى، ھەرەمنىڭ ئوۋلىرى، ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش هارام دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ھەدىسمۇ سەھىدۇر.

213. شۇنداقلا، دەرەخلىرىنى كېسىش، پۇتاشمۇ هارام، مەيلى ئۇ كىشى ئېھرامدا بولسۇن ياكى ئېھرامدا بولماي ھالال بولسۇن، هارام دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

214. ئىنسانلار ئۆزلىرى تېرىغان ئاشلىق، سەي كۆكتات، زىرائەت، باغۋەنلىك، قوغۇن ـ تاۋۇز ئېلىپ ـ سېتىش ئۇچۇن تېرىغان مىۋە ـ چىۋىلەر دۇرۇس، ئۇزسە، پۇتسا، باشقۇرسا بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

## قۇربانلىق ۋە مال بوغۇزلاش، بوغۇزلانغان ھايۋانلار توغرىسىدا

215. قۇربانلىقنى قۇربانلىق كۈنى كۈن چىقىشدىن، ناماز ئوقۇشدىن بۇرۇن بوغۇزلاش دۇرۇس ئەمەس دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

216. قۇربانلىق گۆشلىرىدىن مۇسۇلمانلار يىسە بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

217. مۇسۇلمان ئىنسان، ھالال ھايۋاننى بوغۇزلاشقا بولىدىغان نەرسە بىلەن بىسمىللا دەپ بوغۇزلىسا،ھايۋان بويىنىدىكى ئىككى دانە جان تومۇرنى ئۈزسە، قاننى ئاقتۇرسا، بۇ ھايۋان ھالال بولۇپ، يىيىشكە بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

218. گاچا ئادەم ئىچىدە بىسمىللا دەپ بوغۇزلىسا دۇرۇس بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

219. يۇقىرقى شەرت بىلەن بوغۇزلانغان ھايۋاننىڭ ئىچىدىن بالىسى ئۆلۈك چىقسا، بۇ ئۆلۈك تۆرەلمىنىڭ بوغۇزلىنىشى، ئانىسىنىڭ بوغۇزلىنىشى بىلەن ئادا تاپىدۇ، كۇپايە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھالال بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

220. كىچىك بالا بىلەن ئايال كىشىمۇ يۇقىرقى شەرتلەر بويىچە بىسمىللا دەپ بوغۇزلىسا دۇرۇس، ھالال بولىۋېرىدۇ، يەۋىرىمىز دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

221. ھالال ھايۋاننى ئەھلى كىتاب يەنى كىتاب بېرىلگەن يەھۇدىي، ناسارالار، بىسمىللا دەپ بوغۇزلىسا بىزگە ھالال بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. قۇرئاندىكى ئۆلارنىڭ تائامى سىلەرگە ھالال دىگىنى دەل بوغۇزلىغان نەرسىسى شۇدۇر، ئۇلارنىڭ كۇللى تامىقى بىزگە ھالال بولمايدۇ.

222. دۈشمەن زىمىنىدىكى مۇسۇلمانلار بوغۇزلىغان نەرسىمۇ

شەرتكە چۈشسە ھالال دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

223. مەجۇسىيلارنىڭ بوغۇزلىغان نەرسىسى ھارام، قەتئىي يېگىلى بولمايدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

224. ئەھلى كىتابلارنىڭ كىچىك بالىلىر ياكى ئاياللىرى ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ بوغۇزلىسا، ھالال بولىدۇ، يېگىلى بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

225. مۇسۇلمان ئۇۋچى ئىتنى ياكى قۇش، قارچۇغىنى ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلەپ بىسمىللا دەپ قويۇپ بەرسە، ئاندىن ئۇ ئىت ئۇۋنى ساق ئېلىپ كەلسە، ھالال، يېگىلى بولىدۇ، قارا ئىت بۇنىڭدىن مۇستەسنا دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، قاپقاندىمۇ يۇقىرقىدەك ھالالدۇر.

226. دېڭىزدىكى ئۇۋلار بېلىق قاتارلىقلار ھالال، يېسە، ساتسا، سېتىۋالسا بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

227. **جىھاد توغرىسىدا ئىتتىپاققا كېلىنگەن مەسىلىلەر** ئۇرۇشقا چىققان ئەسكەرنىڭ ئىمام، قوماندانىنىڭ رۇخسىتى، ئىزنى بىلەن يەكمۇ يەك ئېلىشىش، دوئىلغا چۈشۈش ۋە يەكمۇ ـــ يەك ئېلىشىشقا چاقىرىش ھوقۇقى بار دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

228. مەجۇسىيلاردىن جىزيە قان بېجى ئېلىشقا بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

229. دۈشمەن ئاياللىرىدىن كىچىك بالىلاردىن جىزيە ئېلىنمايدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

230. قۇل، دېدەكلەردىن جىزيە ئېلىنمايدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا

كەلدى.

231. مۇسۇلمان كىشىدىن جىزىيە ئېلىنمايدۇ، قان بېجى ئالمايسىزدەپ ئىجمائ قىلىندى.

232. ئىسلام دۆلىتىدە ئەمىنلىك تىلەپ ياشاۋاتقان زىممى دىنسىزلار جىزىيەنى تۆلىسە بەلگىلەنگەن چىقىمنى بەرسە، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە زاكات كەلمەيدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

233. ھەرقانداق زىممىن ئەھلى، ئىشغال قىلىنماستىن ئۇرۇش قىلىپ، مەجبۇرلىماستىن ئۆزلىرى مۇسۇلمان بولۇپ بولغان بولسا، مال ـ مۈلكى ئۆزلىرىگە قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئوخشايدۇ. ئەگەر ئىشغال قىلىنغان بولسا، مال ـ مۈلكى ئولجا ئېلىنىپ، تەقسىم قىلىنىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

234. ئەھلى زىممىيلارنىڭ ئۆي ـ ماكانلىرىغا بىرەر نەرسە كەلمەيدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

235. ئولجىغا خىيانەت قىلغۇچى، تەقسىم قىلىش ئورنىغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ئولجىنى ئىمام، قوماندان ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ، ئايەتتە بەلگىلىمە بار.

236. ئاتلىق ئەسكەرگە ئىككى ئۈلۈش، پىيادە ئەسكەرگە بىر ئۈلۈش نىسىۋە بېرىلىدۇ دىگەنگە ئىجمائ كەلدى.

237. بىر ئەر نۇرغۇن ئاتلارنى جەڭگە تەييارلاپ بەرگەن بولسىمۇ، ئولجا تەقسىم قىلىنغاندا، بىرلا ئاتنىڭ نىسىۋىسىنى يەنى ئىككى ئۈلۈش ئالىدۇ دىگەنە ئىجمائقا كەلدى.

238. كاتتا، ئېسىل ئات بىلەن جەڭگە كىرسىمۇ بۇ كىشىگە بىر ئاتلىق كىشىنىڭ ئۈلۈش، نىسۋىسى بېرىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

239. خېچىرنى، ئېشەكنى، تۆگىنى مىنىپ جەڭ قىلغان بولسا، يەنىلا پىيادە قىسمىنىڭ نىسۋىسى بېرىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

240. جەڭ قىلىش جەريانىدا ئېتى ئۆلۈپ كېتىپ، پىيادە قېلىپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، بۇ كىشىگىمۇ ئاتلىق قوشۇننىڭ نىسۋىسى بېرىلىدۇ، ئىككى ئۈلۈش نىسۋە ئالىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، هازىر ماشىنىلارنى،ئايروپىلانلارنى ئويلىنىپ كۆرەيلى.

241. ئەگەر بىر ئەر، مۇسۇلمان ئەسىرنى، يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ ياكى شۇ ئەسىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سېتىۋېلىپ، ئازاد قىلسا، بۇ مۇسۇلمان ئەسىر ياكى شۇ مۇسۇلمان، سېتىۋالغۇچى ئەرگە پۇلنى بېرىشى كېرەك دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

242. زىممىي دىنسىزنىڭ قول ئاستىدىكى بىرەر قۇل مۇسۇلمان بولسا، ئۇنى مۇسۇلمانلارغا سېتىپ بېرىشى ۋاجىپ بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

243. قۇللارنى، چۆرىلەرنى سېتىشدا، بالىسى بىلەن ئانىسىنى يەنى كىچىك بالىسى بىلەن ئانا ئارىلىقىنى ئايرىپ سېتىشقا بولمايدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

244. قوشۇن باشلىقى قوماندانىنىڭ ياكى بىرەر مۇجاهىد ئەسكەرنىڭ ئەسىرگە ئەمىنلىك بېرىشى، كېپىل بولۇشى دۇرۇس دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

245. مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئەمنىلىك بېرىشى كېپىل بولىشمۇ دۇرۇس دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ماجشون ئايرىلىۋالدى.

246. ئىسلام دۆلىتىدە ياشاۋاتقان دىنىسىز زىممىينىڭ ئەمنىلىك بېرىشى، كېپىل بولۇشى دۇرۇس ئەمەس دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

247. بىز يۇقىرىدا دېگەندەك، ئەمنىلىك بېرىش، كېپىل بولۇشلار دۇرۇس دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى. چۈنكى، بۇ خىل ئىشلار سەھىھ ھەدىستە بار.

248. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تائىپە كۈنى نۇرغۇن مۇشرىك قۇللارنى ئازاد قىلىۋەتكەن، خەۋەرنىڭ سابىتلىقىغا ئىجمائقا كەلدى، كېيىن ئۇلار مۇسۇلمان بولغان.

249. ئىشغال قىلىپ بولغاندا، ئۇنداق قۇللارغا خوجايىنىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ھوقۇقى يوق، پەقەت ئىسلام قوماندانى بىر تەرەپ قىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

250. ئوقيا بىلەن ئوق ئېتىش، قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى دۇرۇس دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

251. ئەگەر دۈشمەنلەر ئىسلام دۆلىتىنىڭ بىر غېرىچ يېرىگە تاجاۋۇز قىلىپ، جەڭ ئېلان قىلىپ كىرسە، قۇل، خوجايىندىن، ئايال كىشى ئېرىدىن ئىزنى، رۇخسەت سورىماي جەڭگە ئاتلىنىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

252. كۆپرى سۆزنى دېيىشكە مەجبۇرلانغاندا، رۇخسەت ھۆكۈمنى، پەتىۋانى ئالماي چىڭ تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۆلتۈرۈلسە، شېھىد بولىدۇ،

دۇرۇس بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

253. بارلىق مەن مۇسۇلمان دەپ داۋا قىلىدىغان ئىسلام دۆلەتلىرى بىرلىشىش ئىتتىپاقلىشىش، مانا مۇشۇنداق ئىجمائقا كېلىشى زۆرۈر ئىدى، لېكىن، ھازىرقىلار بۇنداق قىلمايۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بىر تائىپە كىشىلەرمۇ بولسا، ھەق ئۈستىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، سەۋرە قىلىپ، چىداپ ھەق ئۈچۈن قۇربان بولۇشىمىز لازىم. مانا بۇمۇ ئىجمائقا كەلگەن مەسىلە.

شۇنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭكى، بۇ كىتابدا پەقەت ساھابىلاردىن، تابىئىنلاردىن ئىبارەت ئىلىم ئەھلى، مۇجتەھىدلەرنىڭ ئىجمائقا ئىتتىپاققا كەلگەن مەسىلىلەرلا سۆزلىنىدۇ.

ئىجماﺉ بولسا، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ 3 _ مەنبەسى، ئىجمائدىن باشقا قۇرئان كەرىم، سەھىھ ھەدىس، قىياسدىن ئىبارەت، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قانۇن مەنبەسى ئاساسلىرى بولسا، فىقھى كىتابلىرىدا تولۇق سۆزلىنىدۇ، بۇ كىتابدا پەقەت ئىجمائلا سۆزلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەسىلىلەر تولۇق سۆزلەنمەيدۇ، پەقەت، ئىجمائقا كەلگەن مەسىلىلەرلا سۆزلىنىدۇ، قالغان مەسىلىلەرنى فىقھى كىتابلىرىدىن كۆرۈۋېلىڭ، بۇ دىگەن «ئىجمائقا كېلىنگەن مەسىلىلەر» توغرا چۈشىنىشىڭىزنى سورايمەن. ئىجمائقا كەلمىگەن مەسىلىنى مەن بۇ كىتابدا يازالمايمەن.

## قازىلىق توغرىسىدا

254. قازى، پەقەت زاھىرنىلا كۆرۈپ سورايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن،

قازىنىڭ ھۆكۈمى ھارام نەرسىنى ھالال قىلىپ قويمايدۇ، ئەگەر بىرسى قازىنى ھۆكۈم قىلدۇرۇپ بىرەر كىشىنىڭ ھەققىنى ئېلىۋالسا، بۇ يەنىلا ھارام بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

255. ئەگەر بىر قازى ھۆكۈم قىلغان نەرسىنى مەكتۇپ قىلىپ، يەنە بىر قازىغا يوللىسا، ئىككى كىشى گۇۋاھچى بولسا ۋە ئىككىنچى قازى مەكتۇپنى ئوقۇپ كۆرگەندە، گۇۋاھچىلارگۇۋاھلىق بەرسە، قوبۇل قىلىپ شۇ مەكتۇپ بىلەن ھۆكۈم قىلسا بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

256. دۇرۇس بولىدىغان، ساختا بولمىغان ئىشلاردا قازىنىڭ ھۆكۈم قىلىشى بىلەن دۇرۇس بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، يەنى قازىنىڭ ھۆكۈمى دۇرۇس قىلىپ بېرىدۇ خالاس.

257. دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەت كەلتۈرۈش، داۋاگەرنىڭ ئۈستىگە. قەسەم قىلىش بولسا، ئەيىبلەنگۈچىنىڭ،جاۋابكارنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، ھەدىستىمۇ شۇنداق.

258. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئەيىبلەنگۈچى جاۋابكار قەسەم قىلدۇرۇلىدۇ، بولۇپمۇ مال مۈلۈك، ئىقتىسادى ئىشلاردا دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، داۋاگەر دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەت كەلتۈرسە، جاۋابكار قەسەم قىلالمىسا، دىلو ئاخىرلىشىدۇ، سۆز داۋاگەرنىڭ بولىدۇ، داۋاگەر دەلىل ــ ئىسپات كەلتۈرەلمىسە، جاۋابكار قەسەم قىلالىسا، يەنىلا دىلو ئاخىرلىشىدۇ، بۇ چاغدا سۆز جاۋابكارنىڭ بولىدۇ.

دەلىل ــ ئىسپاتنىمۇ، ھۆججەتنى كەلتۈرسە، قەسەممۇ قىلىپ تۇرۇۋالسا، ئىككىلىسى چىڭ تۇرۇۋالسا، گۇۋاھچى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ،

گۇۋاھچى، دەلىل ــ ئىسپات، قەسەم قاتارلىقلاردىن باشقا ئىلغار تېخنىكا، تەكشۈرۈش، چىچەنلىك، ئەقىل ئىشقا سېلىنىدۇ، رازۋېدچىكلار تەكشۈرىدۇ.

259. ئەگەر بىر دىدەك، چۆرە، بىر ئەرنىڭ قولىدا بولسا، يەنە بىر ئەر بۇ دىدەك مېنىڭ دادامنىڭ چۆرىسى، دىدىكى ئىدى، بۇ مېنىڭ دەپ ھۆججەت كەلتۈرسە، دىدەك قولىدىكى ئەر مەن بۇنى 100 دىنارغا سېتىۋالغان دەپ ھۆججەت كەلتۈرسە، دىدەك، چۆرە سېتىۋالغۇچى ئەرنىڭ قولىدا قېلىۋېرىدۇ، چۈنكى، دەۋاگەر دادىسىنىڭ ساتمىغىنىغا ھۆججەت كەلتۈرەلمىگەن دەپ ئىجمائقا كەلدى.

260. سەدىقە، ھەدىيە، ھىبە، سوۋغا ــ سالام، مەن ئۆلسەم بۇ سېنىڭ دىگەن ماللارمۇ يۇقىرقىدەك مال قولىدا بولغان كىشىگە مەنسۇپ. چۈنكى، بۇنىڭ ئۆزىلا دەلىل ــ ئىسپاتتۇر دەپ ئىجمائقا كەلدى.

261. ئايال كىشى، مېنى تالاق قىلغان بولسىمۇ تېخى ئىددىتىم توشماي تۇرۇپ ئېرىم ئۆلۈپ كەتتى، مەن ۋارىس بولالايمەن دەپ تۇرۇۋالسا، ۋارىسلار ئۇنىڭ ئىددىتى توشقان ۋارىس بولالمايدۇ دەپ تۇرۇۋالسا، سۆز ئايالنىڭ بولىدۇ، يەنى ۋارىس بولالايدۇ، دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

262. ئەگەر بىر ئەر، دىدىكىنى، چۆرىسىنى جىنسى مۇناسىۋەت قىلىپ قويۇپ ساتسا، ئاندىن بۇ دىدەك سېتىۋالغۇچىنىڭ قولىدا تۇغۇپ قويسا، ھاملىدارلىق مۇددىتى سېتىۋالغان ۋاقتىتىن باشلاپ ئالتە ئاي چىقسا، يەنى ساتقىلى، ئالغىلى ئالتە ئاي بولغان بولسا، ئاندىن ساتقۇچى

بالىغا مېنىڭ دەپ داۋا قىلغان بولسا، بالا، ساتقۇچىغا بۇيرۇلىدۇ. چۈنكى، ھامىلدارلىقنىڭ قىسقا مۇددىتى ئالتە ئايدۇر دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

263. گۇۋاھچى مۇسۇلمان، بالاغەتكە يەتكەن، ئەقىللىق، ھۆر، سۆز قىلالىغۇچى بولسا، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان، ئاتا ـ ئانا، بالا بولمىسا، يېقىن تۇققان، قېرىنداش بولمىسا، مەدىكار، قۇلى بولمىسا، ئېرى ياكى ئايالى بولمىسا، ئاداۋىتى بار دۈشمەن بولمىسا ياكى شېرىكى بولمىسا، ۋەكىلى بولمىسا، يېقىن خوشنا بولمىسا، بىدئەت ئىگىسى بولمىسا، كىشىلەرنى مەسخىرە قىلغۇچى، ھەجۋى شائىر بولمىسا، دائىم ۋاختىنى ئويۇن ـ تاماشىدا ئۆتكۈزگۈچى بولمىسا، ھاراق ئىچكۈچى بولمىسا، مۇسۇلمانلارغا بۆھتان چاپلىغۇچى بولمىسا، پەرىزلەرنى ئادا قىلغۇچى، ھارامدىن يانغۇچى بولسا، چوڭ ـ كىچىك گۇناھلارنى سادىر قىلغۇچى بولمىسىلا، گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ، ئىككى ئەر ياكى بىر ئەر ئىككى ئايال بولىدۇ، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال بولسۇن، شەرتى يۇقىرىقىدەك بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، مۇتلەق گۇۋاھچى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

264. ئەگەر قېرىندىشى ئادىل، تەقۋا، مۇئتەبەر مۆئمىن بولسا، گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

265. گۇۋاھچى بىلەن، بۇ گۇۋاھچى، زىنىنغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان كىشىنىڭ ئارىلىقىدا داۋا بولۇپ قالسا، بۇ گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

266. مەس بولغۇچە ھاراق ئىچىپ ئاندىن تۆۋبە قىلىپ ياخشى

مۆئمىن بولسا، تەقۋا، ئادىل بولسا، بۇ كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

267. ھاراق ھارام مەسىلىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل ئەمەس دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

268. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ جازا قانۇنىدا، جازالانغان، ھەد جازاغا تارتىلىپ، كېيىن قاتتىق تۆۋبە قىلغان تەقۋا، ئادىلنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ، لېكىن، بۆھتانچى يەنى مۆئمىنگە تۆھمەت قىلىپ بۆھتان قىلغان كىشىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

269. مەجنۇن، ساراڭ، ساراڭ ھالىتىدە گۇۋاھلىق بەرسە، قوبۇل ئەمەس، ساقايسا دۇرۇس دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

270. گاھ ساراڭ، مەجنۇن بولىدىغان، گاھ ساقىيىپ ھۇشىغا كېلىپ قالىدىغان، مەجنۇن، ساق ھۇشىغا كەلگەن چاغدا گۇۋاھلىق بەرسە، ئادىل، تەقۋا بولسا، سىناپ بېقىپ قوبۇل قىلىنىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

271. ئەگەر بىر ئەر ئىككى گۇۋاھچىغا مېنىڭ گەردىنىمدە پالانىنىڭ مانچىلىك يەنى 100 دىنار ئېلىشى بار، مېنىڭ قەرزىم بار، گۇۋاھلىق بېرىڭلار دېسە، بۇ گۇۋاھچىلار قوشۇلۇشى لازىم، چۈنكى، بۇ زىيان بولىدىغان، پايدا ــ مەنپەئەتنى كۆزلەپ نەپسىگە چوغ تارتىدىغان ئىش ئەمەس دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

272. دىن ئىشىدا، مال ــ مۈلۈك ئىشلىرىدا ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىقى دۇرۇس دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

273. لېكىن، ھودۇد جازا، قانۇن ئىشلىرىدا ئاياللار گۇۋاھلىقى دۇرۇس ئەمەس دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

274. قۇل ئازاد بولمىغۇچە، كىچىك بالا بالاغەتكە يەتمىگۈچە، كاپىر مۇسۇلمان بولمىغۇچە گۇۋاھلىقى دۇرۇس ئەمەس، ئەگەر يۇقىرقى شەرتلەر ئورۇندالسا، ئاندىن گۇۋاھلىقىنى لايىقىدا بەرسە قوبۇل قىلىنىدۇ، يۇقىرقى بۇرۇن سۆزلەنگەن شەرتلەر لازىم كېلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

275. مال ـ مۈلۈكلەردە ئىككى گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقىغا قارشى تۆت گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

276. گۇۋاھچى، خەت، مەكتۇپلىرىدا گۇۋاھلىق بەرسە بولمايدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

277. قاتىللىق ئىشلىرىدا، ئادىل ئىككى گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىپ، شۇ بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ھەسەن بەسەرى رەھمەھۇللا قاتىللىق ئىشىدا قىياس دۇرۇس ئەمەس،گۇۋاھچى توت بۇلۇدۇ دېگەن.

## مىراس توغرىسىدا

278. ئەگەر مېيىتنىڭ باللىرىدىن باشقا پەرىز ئەھلى بولىدىغان ۋارىس بولمىسا، مال ـ مۈلكى باللىرى ئارىسىدا ئىككى ئايالنىڭ نىسىۋىسى بىر ئەرگە بېرىلىدۇ، يەنى بىر ئەر ئىككى ئايالغا تەڭ ھوقۇقا ئىگە دېگەن بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ، ئەگەر باشقا ۋارىس بولۇپ قالسا،

ئاۋۋال شۇ كىشىگە نىسىۋىسىنى بېرىۋېتىپ، ئاندىن شۇ بويىچە ئۈلەشتۈرىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

279. ئىككى قىزنىڭ مىراسى $\frac{2}{3}$ بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

280. ئەگەر مېيىتنىڭ ۋارىس بولغۇدەك ئۆز بالىسى ھايات بولمىسا، ئوغلىنىڭ قىزى، قىزى ئورنىدا تۇرىدۇ، ئوغلىنىڭ ئوغلى ئۆز ئوغلى ئورنىدا ۋارىس بولالايدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

281. قىزنىڭ بالىلىرىدىن ئىبارەت نەۋرە ۋارىس بولالمايدۇ، لېكىن، زۇلئەرھام تۇققانلار قاتارىدا ھېسابلىنىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

282. مېيىتنىڭ قىزلىرى $\frac{2}{3}$ نىسىۋىسىنى تولۇق ئېلىپ بولسا، مېيىتنىڭ ئوغلىنىڭ قىزىدىن ئىبارەت نەۋرىسى ۋارىس بولالمايدۇ، لېكىن، بۇ نەۋرە ئوغۇل بولسا، ۋارىس بولىدۇ دەپ ئىجمائ قىلىندى.

283. ئەگەر مېيىتنىڭ بىر نەچچە قىزلىرى بولسا، ئوغلىنىڭ بىر نەچچە قىزلىرىمۇ بولسا، ئۆز قىزلىرى يېرىمىنى ئالىدۇ، نەۋرە قىزلىرى $\frac{1}{6}$ ئالىدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

284. ئەگەر مېيىتنىڭ بىر قىزى، ئوغلىنىڭ ئوغلىدىن ئىبارەت بىر نەۋرىسى بولسا، قىزى مالنىڭ يېرىمىنى، نەۋرىسى بولسا قالغان يېرىمىنى ئالىدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

285. ئەگەر مېيىتنىڭ ئارقا ــ ئارقىدىن ئۈچ قىزى بولسا، يەنى بىرسى قىزى، يەنە بىرسى نەۋرە قىزى، يەنە بىرسى تېخىمۇ تۆۋەن

تۇرىدىغان قىز بالا بولسا، مىيىتكە يېقىن قىز بالا مالنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن تۆۋىنى $\frac{1}{6}$ ئالىدۇ. قالغىنىنى باشقىسى ئالىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

286. ئەگەر مىيىتنىڭ ئىككى قىزى بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوغلىنىڭ باللىرىدىن بىر نەچچە قىز نەۋرىلىرى، بىر ئوغۇل نەۋرىسى بىلەن بىللە بولسا، مىيىتنىڭ ئىككى قىزى مالنىڭ $\frac{2}{3}$ قىسمىنى ئالىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

287. مىيىتكە دادىسى بىلەن ئانىسى ۋارىس بولۇپ قالسا، دادىسى $\frac{2}{3}$ قىسمىنى، ئانىسى $\frac{1}{3}$ ئالىدۇ ــ دە! مال تۈگەيدۇ، بۇ ھەم بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ نېسۋىسى بېرىلىشىگە ئوخشاش دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

288. مىيىتنىڭ دادىسى بولسا، ئاكا ــ ئىنىسىدىن ئىبارەت قېرىنداشلىرى ۋارىس بولالمايدۇ، دادا توسىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايرىلدى.

289. ئەگەر مىيىت، ئاكىسىنى يا ئىنىسىنى، ئاچىسى يا سىڭلىسى بىلەن قالدۇرسا، بۇ ۋارىسلار ئىككى ئايالنىڭ نېسۋىسىگە بىر ئەرنىڭ نېسۋىسى تەڭ دىگەن بويىنچە يەنى $\frac{2}{3}$ نى ئەرگە $\frac{1}{3}$ نى ئايالغا بېرىلىدۇ. دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

290. ئەگەر مىيىت، ئايال بولۇپ، بىرەر بالا ياكى نەۋرە قالدۇرمىسا، ئېرى مالنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

291. ئەگەر مىيىت ئايال بولۇپ، بالا ياكى نەۋرە قالدۇرسا، ئېرى

مالنىڭ $\frac{1}{4}$ ئالىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

292. مىيتنىڭ بالىسى ياكى نەۋرىسى بولمىسا، ئايالى $\frac{1}{4}$ نى ئالىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

293. ئەگەر مىيت بالا ياكى نەۋرە قالدۇرسا، ئايالى $\frac{1}{8}$ نى ئالىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

294. يۇقىرقى ھۆكۈملەردە مىيتنىڭ تۆت ئايالى بىر ئايالنىڭ ھۆكمىدە دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

295. قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان كالالەت دىگەن سۆز، مىيتنىڭ ئاكا _ ئىنىسىدەك قېرىندىشىغىلا خاس بولىدۇ، دادىسى، بالىسى يوق بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

296. مىراس توغرىسىدا سۈرە نىسانىڭ باش تەرىپىدىكى قېرىنداشلار، ئانا بىر قېرىنداشلاردۇر، بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرقى قېرىنداشلار بولسا، ئانا بىر ھەم دادىمۇ بىر قېرىنداشلار، بىر دادا بىر ئانىدىن بولغانلاردۇر دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

297. مىيتنىڭ ئۆز بالىلىرى تۇرغان يەردە، مىيتكە ئۆگەي باشقا ئەردىن بولغان مىيتنىڭ ئايالىدىن بولغان بالىلار ۋارىس بولالمايدۇ، يەنى مىيتنىڭ ئايالىنىڭ بالىلىرى لېكىن، مىيتكە ئۆگەي بولسا، قىز بولسۇن، ئوغۇل بولسۇن ۋارىس بولمايدۇ، مىيتنىڭ ئۆز بالىلىر ۋارىس بولالايدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

298. شۇنداقلا مىيتكە ئۆگەي، ئانا بىر قېرىنداشلار، ياكى مىيت بىلەن ئانا بىر قېرىنداش، دادىسى باشقا قېرىنداش،بىلەن مىيتنىڭ

دادىسى بولسا، ياكى چوڭ دادىسى بولسا،ئۇلار ۋارىس بولالمايدۇ، بەلكى، دادىسى، چوڭ دادىسى ۋارىس بولىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

299. ئەگەر مېيىت بىر ئانىدىن بولغان قېرىنداشلىرىدىن بىر ئاكا ياكى ئىنىسى بىلەن بىر سىڭىل ياكى ئاچىسىنى قالدۇرسا، مالنىڭ $\frac{1}{3}$ نى ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئوخشاش تەقسىم قىلىنىدۇ، ئەرنى بۇ ھالەتتە ئايالنىڭ ئۈستىگە ئارتۇق قىلىنمايدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

300. مېيىتنىڭ ئاكا _ ئىنىسى، ئاچا _ سىڭىلىسىدىن ئىبارەت قېرىنداشلىرى مېيىتنىڭ بالىسى ياكى نەۋرىسى ياكى دادىسى تۇرغان يەردە ۋارىس بولالمايدۇ، بەلكى، بالىلىرى ياكى دادىسى ۋارىس بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

301. مېيىتنىڭ ئىككىدىن كۆپ قىزلىرىمۇ ئىككى قىزنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

302. مېيىتنىڭ قېرىنداشلىرىدىن باشقا پەرىز ئەھلى بولغىدەك ۋارىس بولمىسا، نىسىۋە ئالغۇدەك كىشى بولمىسا، مېيىتنىڭ بارلىق ماللىرىنى قېرىنداشلىرى ئالىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

303. دادا بىر ئەر _ ئايال قېرىنداشلار ئەگەر مېيىتنىڭ دادا ۋە ئانا بىر قېرىنداشلىرى بولمىسا مۇشۇلارنىڭ ئورنىدا تولۇق ۋارىس بولالايدۇ، ئورنىدا تۇرالايدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

304. مېيىتنىڭ دادا ھەم ئانا بىر ھەمشىرىلىرى تۇرغان يەردە پەقەت دادا بىرلا ئانا باشقا ھەمشىرىلىرى ۋارىس بولالمايدۇ. لېكىن، ئوغۇل بولسا، ۋارىس بولالايدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

305. مىيتتىنىڭ ئانا، دادا بىر ھەمشىرىلىرى $\frac{2}{3}$ قىسمىنى ئېلىپ بولۇپ، قالغان مالنى دادا بىر ئانا باشقا ھەمشىرىلىرى ئالسا بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

306. مىيتتىنىڭ ئانىسى بولمىسا، چوڭ ئانىسى $\frac{1}{6}$ نى ئېلىۋېرىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

307. مىيتتىنىڭ ئانىسى بو لسا، چوڭ ئانىلىرى ۋارىس بولالمايدۇ، ئانىسى توسۇپ قويىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

308. مىيتتىنىڭ دادىسى، ئانىسىغا ئوخشاش ئانىسىنىڭ ئانىسىدىن ئىبارەت چوڭ ئانىسىنى مىراسدىن توسۇپ قويالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مىيتتىنىڭ ئانىسى بولمىسا، چوڭ ئانىسىنى ۋارىس بولىدۇ دەپ ئىجمائ قىلدى.

309. مىيتتىنىڭ دادىسىنىڭ ھەم ئانىسىنىڭ ئانىلىرى تەڭلا ئىككى چوڭ ئانا ۋارىس بولۇپ قالسا، مەرتىۋىسى ئوخشاش ۋارىس بولالايدۇ. $\frac{1}{6}$ نى تەڭ تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

310. ئەگەر مىيتتىنىڭ ئىككى چوڭ ئانىسىنىڭ بىرسى بىرىدىن سەل مىيتكە يېقىن، يەنە بىرسى نېرى بولسا، مەسلەن: بىرسى چوڭ ئانىسىنىڭ ئانىسىدەك. يېقىنراقى $\frac{1}{6}$ نى ئالىدۇ، نېرىسىغا نەرسە يوق دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

311. ئانىلام بولسا، چوڭ ئانا ۋارىس بولالمايدۇ، چوڭ ئانا ۋارىس بولسىمۇ $\frac{1}{6}$ دىن مىراسى زادى ئاشمايدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

312. مىيتتىنىڭ دادىسىنىڭ دادىسىدىن ئىبارەت چوڭ دادىسى

دادىنىڭ ھۆكمىدە، شۇنىڭ ئۈچۈن دادىسىنى مىراسدىن تۇسۇپ قويالمايدۇ، بالا يىكى ئاتا ــ ئانا بولىدىكەن، قېرىنداشلىرى ۋارىس بولالمايدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

313. قېرىنداشلارنى مىراسدىن دادا تۇسۇپ قويغاندەك، چوڭ دادىسىمۇ تۇسۇپ قويىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.ھۆكۈمدەبىردە!

314. ئەگەر مىيىتنىڭ بالىسى بىلەن دادىسى ۋارىس بولسا، دادىسىغا $\frac{1}{6}$ نى قالغان مالنى بالىسىغا بېرىلىدۇ، دادىنىڭ ئورنىدا چوڭ دادا بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

315. خۇددى مىيىتنىڭ دادىسىغا $\frac{1}{6}$ نى، مىراسقا پەرىز ئەھلى بولغان ۋارىس تۇرسىمۇ بىرىۋەرگەندەك، چوڭ دادىسىغىمۇ بېرىلىۋېرىدۇ، باشقا ۋارىسلارمۇ نىسۋىسىنى ئېلىۋېرىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

316. ئەگەر مىيت نىسۋە ئالغۇدەك ۋارىس قالدۇرمىسا، مال ــ مۈلكى يېقىن تۇققانلىرىنىڭ ئەسبە ئەھلىنىڭ بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

317. ئەگەر مىيىت ھارامدىن بولغان دەپ لەنەت ئىبرىلگەن بولسىمۇ، لەنەت قىلىنغان ئايالنىڭ بالىسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئانىسى، ئانىسىنىڭ ئېرى باللىرى يەنىلا قانۇنلۇق ۋارىس بولالايدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

318. قەستەن قاتىللىق قىلغۇچى، ئۆلگۈچىنىڭ مال ــ مۈلكىگە قەتئىي ۋارىسى بولالمايدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

319. خاتا قاتىللىق قىلغۇچى، ئۆلگۈچىنىڭ مال ــ مۈلكىگە

ۋارىس بولالايدۇ، لېكىن ئۆزى تۆلەيدىغان دىيەتكە يەنى خۇن پۇلىغا ۋارىس بولالمايدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

320. چۈشۈپ كەتكەن بالىنىڭ ھۆكمى ئاتا ــ ئانىسى قانداق بولسا، شۇنداق ھۆكۈمدە بولىدۇ، مۇسۇلمان بولسا، مۇسۇلمانچە، مۇشرىك بولسا، مۇشرىك ھۆكمىدە بولىدۇ، مىراس ۋە خۇن پۇلىمۇ شۇنداق دەپ ئىجمائقا كەلدى.

321. ئەگەر بىر ئەر ئۆلۈپ كېتىپ، ئايالى ھامىلدار قالسا، بالا ھايات چۈشسە، ۋارىس بولىدۇ ھەم ۋارىس قىلىنىدۇ، يەنى ئۆلسە بۇ بالىغىمۇ ۋارىس قىلىنىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

322. ئەگەر ئەر چۈشۈپ كەتكەن بىر بالىسىنى بۇ مېنىڭ بالام دېسە، بالىغا ئۇنىڭدىن باشقا نەسەپ بولمىسا، ئۇنىڭ ئىقرارى بىلەن بالا شۇنىڭ بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

323. ئەگەر بىر بالاغەتكە يەتكەن بالا ماۋۇ مېنىڭ دادام دېسە، بۇ كىشىمۇ ئىقرار قىلسا، ئۇنىڭدىن باشقا نەسەپ بولمىسا، دادا راستلا شۇ بالىنىڭ، بالا شۇ دادىنىڭ بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

324. ئەگەر، ئايال كىشى بۇ مېنىڭ بالام دېسە، گەرچە باشقا نەسەپ بولمىسىمۇ ھۆججەت، دەلىل ــ ئىسپات بولمىسا، قوبۇل قىلىنمايدۇ، چۈنكى، ئايال ئەرگە ئوخشىمايدۇ، دەلىل ــ ئىسپاتى، ھۆججىتى بولسا، قوبۇل قىلىنىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

325. ئىككى جىنسلىق خوناسا كىشى سىيگەن جايغا قاراپ ۋارىس بولىدۇ، ئەرلىكىدىن سىيە ئەردەك، ئاياللىق ئەۋرىتىدىن سىيسە

ئايالدەك ۋارىس بولىدۇ، ئەگەر تەڭلا سىيسە، سىياقىغا قارايمىز، ساقال ــ بۇرۇت، كۆكرەكلىرىگە قاراپ ھەل قىلىمىز دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

326. ئەگەر خوجايىن بىرەر قۇلغا مانچىلىك پۇل بەرسەڭ، ئازات دەپ خەت يېزىپ بەرسە، بۇ قۇلنى ئىشقا سېلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، پۇل ــ مېلىنى ئېلىۋالمايدۇ، پەقەت ئاشۇ دېيىشكەن پۇل ــ مالنى ئالالايدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

327. مۇكاتەپ قۇل قىلىپ خەت يېزىپ بەرگەن يۇقىرقى خوجايىن، بۇ قۇلنى ئىشقا سالالمىغاندەك، پۇل ــ مېلىنى ئېلىۋالالمايدۇ، پەقەت ئۆز ھەققىنى بۆلۈپ بۆلۈپ ئالىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

## قۇل ئازاد قىلغۇچى، ۋەلى توغرىسىدا

328. ئەگەر بىر مۇسۇلمان، مۇسۇلمان قۇلنى ئازات قىلسا، ئازات قىلغۇچى ئۆلۈپ كەتسە، ھېچبىر ۋارىس بولمىسا، ئۇرۇق ــ تۇغقىنىمۇ بولمىسا، دەل ئاشۇ قۇل ۋارىس بولىدۇ، مالنى پۈتۈنلەي ئالىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

329. ئەگەر ئازاد قىلغۇچى ئۆلۈپ كەتسە، ۋارىس بولغۇچى قۇلنىڭ ئوغۇل ھەم قىزلىرى بولسا، ئوغۇللار ۋارىس بولۇپ، مال ــ مۈلۈك ئالالايدۇ، لېكىن قىز بالا بۇ ئازاد قىلىش سەۋەبىدىن ۋارىس بولالمايدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، تائۇس رەھمەھۇللا ئايرىلىپ چىقتى.

330. ئازاد قىلغۇچى مىيتىنىڭ دادىسى، دادا بىر، ئانا بىر ئاكا ــ ئىنىلىرى بولسا، ئاندىن ئۇ ئازاد قىلىنغان قۇلمۇ بولسا، مال ــ مۈلكىنى

قۇل ئەمەس ئاكا ــ ئىنى ئەمەس دادا ئالىدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

331. ئازات قىلىنغان قۇل، خوجايىنلىرىنىڭ جىنايىتى بولۇپ قالسا، دىيەت، خۇن تۆلەملىرىنى تۆلىشىپ بېرىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

332. تېپىۋېلىنغان كىشى ھۆر ئەركىن بولىدۇ، تېپىۋالغۇچى ئۇنى قۇل قىلالمايدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، ئىسھاق دىگەن ئالىم ۋەلىيلىك ھوقۇقى تېپىۋالغۇچىنىڭ دىدى.

## ۋەسىيەت توغرىسىدا

333. ۋارىس بولالمايدىغان ئاتا ــ ئانىلارغا، يېقىن تۇغقانلارغا ۋەسىيەت قىلىش دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، مەسىلەن: بېقىۋالغان بالىغا قىلغاندەك. ئاتا ــ ئانا ئىمان جەھەتتىن ۋارىس بولالمايدۇ.

334. ۋارىس بولالايدىغان ھەرقانداق كىشىگە ۋەسىيەت قىلىش يوق. چۈنكى، ئۇ مىراسنى ئالىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

335. ۋەسىيەت قىلماقچى بولغان مال، ئومۇمى بارلىق مال ــ مۈلۈكنىڭ $\frac{1}{3}$ دىن ئېشىپ كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

336. ئەسەبىيە تۇغقان بولغان ۋارىس دادا تەرەپدىن بولىدۇ، ئانا تەرەپدىن بولمايدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

337. ئەگەر بىر ئەر بارلىق مال ــ مۈلكىنىڭ $\frac{1}{3}$ نى ۋەسىيەت

قىلىۋەتكەن بولسا، ئاندىن بۇ مالدىن ھالاك بولۇپ كەتكىنى بولسا، بۇ ھالاك بولغان زىيان، ۋارىسلارنىڭ مال ــ مۈلكىگە بولىدۇ، ۋەسىيەت قىلىنغۇچى ھالاكەتتىن بۇرۇنقى مالنىڭ $\frac{1}{3}$ نى ئېلىۋېرىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى، يەنى ھالاكەتتىن بۇرۇنقى ھېساب بولىدۇ، شۇنى تولۇق ئالىدۇ.

338. ئەگەر مەخسۇس بىر نەرسىنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، مۇئەييەن، ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن بولسا، دەل شۇ نەرسە ھالاك بولۇپ كەتكەن بولسا، ۋەسىيەت قىلىنغۇچىغا ھېچنېمە يوق، مىيىتنىڭ باشقا ماللىرىدىن بىرەر نەرسە ئېلىپ بېرىلمەيدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. ئەگەر بىرەرسى قەسلەپ ھالاك قىلسا، شۇ كىشىنى تۆلەتسە بولىدۇ، ئۆزىلا ھالاك بولسا ئامال يوق.

339. ئەگەر بىرسى باغلىرىنىڭ كىرىمىنى كىرىم بولغان پايدىنى ياكى داچا، ھويلىنى ياكى قۇلنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، بۇ ۋەسىيەت قىلىنغان مالالارمۇ يەنىلا $\frac{1}{3}$ گە كىرگۈزۈلىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، زىيادە ئارتۇقى دۇرۇس ئەمەس.

340. ۋەسىيەت قىلغۇچى ۋەسىيەتنى يېزىپ، پۈتۈپ قويغان بولسا، گۇۋاھچىلارغا ئوقۇپ بەرگەن ئىسلام قانۇنى بويىچە ئادىل بولسا، ئاندىن گۇۋاھلىقىدىن ئۆتسە دۇرۇس بولىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى، ۋەسىيىتى يۈرگۈزۈلىدۇ.

341. ۋەسىيەت قىلغۇچى ۋەسىيىتىدىن يېنىۋالسا دۇرۇس، لېكىن، ئىقرار قىلدۇرۇلۇپ بولۇپ، دۇرۇس ئەمەس دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

342. ئەگەر بىرەر كېسەل ۋارىسىدىن باشقا بىرەر كىشىدىن قەرزىم

بار ئىدى دەپ ئىقرار قىلسا، دۇرۇس ياكى ئېلىشنى دېسە، ھۆججەت، دەلىل ــ ئىسپات كۆرستەلسە دۇرۇس بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

343. ۋەسىيەت قىلىشمۇ ئىشەنچىلىك، ئادىل، تەقۋا، ھۆر مۇسۇلمانغا دۇرۇس بولىدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

344. ئەگەر بىرسى بىرەر دېدەك، چۆرىنى ۋەسىيەت قىلىپ، كېيىن سېتىلىپ كەتسە ياكى بىرەرسىگە بېرىۋەتسە ياكى بىرەر نەرسىنى ۋەسىيەت قىلىپ سېتىۋەتسە ياكى سەدىقە قىلىۋەتسە، بۇ قىلمىش يېنىۋالغان بولىدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى، يېنىۋالسا دۇرۇس دېدۇق، لېكىن ياخشى بولمايدۇ.

345. ۋەسىيەت قىلغان نەرسىدىن يېنىۋالسا بولىدۇ، لېكىن، سەدىقە، ھەدىيە، ئازات قىلغان نەرسىدىن يېنىۋالمايدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

346. ئەگەر دادا ئىشەنچىلىك، تەقۋا، ئادىل بولسا، چۈشۈپ كەتكەن كىچىك بالىنىڭ مال ــ مۈلكىگە ئىگە بولالايدۇ، كىچىك بالىنىڭ مال ــ مۈلكىنى پايدىلىرىنى قوغدايدۇ، ھاكىم بۇنىڭدىن توسالمايدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

## نىكاھ توغرىسىدا ئىجمائىقا كېلىنگەن مەسىلىلەر

347. دادا، قىزىنى مەجبۇرى ئەرگە بەرسە دۇرۇس ئەمەس، گەرچە قىزى بىرەر قېتىم ئەرگە تەگكەن بولسىمۇ، قىزى رازى بولماي تۇرۇپ نىكاھلاپ قويسا دۇرۇس ئەمەس دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، سىز

ئۇنتۇپ قالماڭ، ئىجمائىقا، ئىتتىپاققا كەلگەنلەر ساھابىلاردىن، تابىئىنلاردىن ئىبارەت ئىلىم ئەھلىدۇر.

348. ئەگەر قىزى كىچىك قىزچاق بولسا، دادا تەقۋا، ئادىل بولۇپ، لىللا ئىش قىلىپ قىزنىغا ھەم تەڭ كەلگىدەك تەقۋا كىشىگە نىكاھلاپ قويسا بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، خۇددى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك.

349. دادا، كىچىك ئوغۇل بالىسىنى ئالدىن نىكاھلاپ ئۆيلەپ قويسا دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

350. كاپىر، مۇناپىق دادا، ياكى ئاكا ــ ئىنىدىن ئىبارەت ۋەلى، مۇسۇلمان قىز بالىغا ۋەلى، ئىگە بولالمايدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، بەش ناماز ئوقۇمايدىغان كىشى گەرچە دادا بولسىمۇ ۋەلى يەنى ئىگە بولالمايدۇ.

351. ئايال كىشى تويلۇق مىھرىنى قولغا ئالمىسا ئەرنى مۇناسىۋەتتىن توسۇش ھوقۇقى بار دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

352. ئەگەر ئايال كىشى ھەم تېگىنى تېپىپ توي قىلىشنى ئىرادە قىلسا، سۇلتا، ۋالى، ھاكىم، ئىماملار ئەرگە بەرسە بولىدۇ، ۋەلى بولالايدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

353. ئەجەملەر يەنى غەيرى ئەرەپلەر، ئازات بولۇپ كەتكەن قۇل، بىرەر دىدەك، چۆرە بىلەن توي قىلسا، ئاندىن بۇ دىدەك، چۆرە تۇغقان بالىلارمۇ قۇل بولىۋېرىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

354. ئەگەر، دىدەك، چۆرە ئازات قىلىنسا، ئۇنىڭ قۇل ئېرى

بولغان بولسا، بۇ دېدەك ئەركىنلىككە ئىگە، خالىسا ئېرى بىلەن ئۆتىدۇ، خالىسا ئېرى تالاق قىلمىسىمۇ تالاق بولۇپ كېتىدۇ، ئىددىتى توشسا باشقا ھۆر كىشى بىلەن توي قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ ئىجمائقا كەلدى.

355. ئاختا قىلىنغان ئەر (ئەۋرەتى كېسىۋېتىلگەن ئەر)، يەنىلا نامازدا ئەۋرىتىنى يېپىشىدا ئىماملىقتا، ئېھرامدا كىيىدىغان كىيىم — كېچەكتە مىراستا، غەنىيمەتتە يەنى ۋارىس بولۇشتا جەڭدە غەنىيمەت ئېلىشىدا، خۇددى ساق ئەرلەرنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ، ساق ئەركىشىدەك ۋارىس بولىدۇ، ئىمام بولالايدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

356. ئاختا قىلىنغان ئەر بىرەر ئايالنى نىكاھلاپ ئالسا ياكى باشقىلار زورلاپ ئېلىپ بەرسە، بۇنى ئايال كىشى ئۇقماي تېگىپ قالغان بولسا، ئاندىن كېيىن ئۇققاندىن كېيىن، ئايال ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، خالىسا بىللە ياشاپ ئۆتىۋېرىدۇ، خالىسا ئاجرىشىپ كېتىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، مېھرى، تويلۇق ئىشى ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك بولىدۇ.

357. ئەر كىشى قۇرۇق نىكاھ ئوقۇپ قويۇش بىلەنلا توي قىلغان ھېساپلانمايدۇ،نىكاھ بىلەن بىرگە ھەقىقى جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا، ئاندىن توي قىلغان ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى، بۇ ئىش زىنادىكى رىجىمغا مۇناسىۋەتلىك دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

358. نىكاھ ئوقۇلغان ئەر، ئايالغا، ئادىل، تەقۋا گۇۋاھچىلار بۇلار جىنسى مۇناسىۋەت قىلدى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە قوبۇل قىلىنىدۇ، ئاندىن بۇلار توي قىلغان ھېسابلىنىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

359. ئەگەر، ئەر ـ خوتۇنلار توي قىلىپ بىر مەزگىل ئۆتسە، ئاندىن بىرسى ئۆلۈپ كەتسە، قېلىپ قالغىنى زىنا قىلىپ قالسا، زىناغا ئىقرار قىلسا ياكى تۆت گۇۋاھچى تېپىلسا، يەنىلا رىجىم قىلماي تۇرىمىز، تاكى بۇ قېلىپ قالغان كىشى توي قىلىپ ھەقىقى جىنسى مۇناسىۋەت، جىمائ قىلغان بولسا، گۇۋاھچىلار گۇۋاھلىق بەرسە، ئاندىن توي قىلىپ، ئاندىن زىنا قىلغۇچى ھېسابلىنىپ رىجىم قىلىنىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

شۇنىڭغا قارىغاندا، بىر قېتىم تويلا قىلغان بولسا، جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئاندىن زىنا قىلغاندا مەيلى ئېرى ياكى ئايالى بولسۇن، بولمىسۇن، رىجىم قىلىنىپ، تاش ـ چالمىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ، توي قىلمىغان بولسا 100 قامچا يەيدۇ.

360. ھەرقانداق ئەرنىڭ ئۆز ئانىسىنى نىكاھلاپ ئېلىشى ھارام دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ئايەتتە شۇنداق بار.

361. ئەگەر بىر ئەر، بىرەر ئايالنى نىكاھىغا ئالسا، ئاندىن تېخى جىنسى مۇناسىۋەت قىلماي تۇرۇپ بۇ ئايال ئۆلۈپ كەتسە ياكى ئاجرىشىپ كەتسە، شۇ ئەر شۇ خوتۇنىنىڭ قىزىنى ياكى ئاچا ـ سىڭلىسىنى نىكاھلاپ ئالسا دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. چۈنكى، جىنسى مۇناسىۋەت يوق، ئەگەر جىنسى مۇناسىۋەت بولۇپ قالسا، ئۇ ئايالنىڭ قىزىنى ئالسا، ھارام بولىدۇ. لېكىن سىڭلىسىنى، ئاچىسىنى ئالسا بولىدۇ.

362. ئەگەر بىر ئەر بىر ئايال بىلەن توي قىلغان بولسا، بۇ ئايال

شۇ ئەرنىڭ دادىسىغا، بالىسىغا، ئەۋلادىغا، ئەجدادىغا هارامدۇر دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

363. ئىملداشلىق نەسەبنىڭ ئورنىدا دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

364. ئەگەر بىر ئەر، بىرەر دىدەكنى، چۆرىنى سىپتىۋىلىپ سۆيسە، شەھۋەت بىلەن سىلىسا، بۇ دىدەك شۇ ئەرنىڭ دادىسىغا ۋە ئوغلىغا هارام دەپ ئىجمائقا كەلدى.

365. ئەگەر بىر ئەر، بىرەر ئايال بىلەن پاسىد نىكاھ بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان بولسا، بۇ ئايال شۇ ئەرنىڭ دادىسىغا، ئوغلىغا، ئەجدادىغا، ئەۋلادىغا هارام دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. لېكىن، ئۇزۇن مەزگىل ئۆتۈپ كەتسە، بۇ ئايال باشقا ئەرگە تەگسە، بۇ ئەرمۇ باشقا ئايالنى ئالسا، ئىككىسىنىڭ بالىلىرى بىر ـبىرى بىلەن توي قىلسا بولىدۇ، بۇ ئايال شۇ ئەرنىڭ ئەۋلادى، ئەجدادىغا هارام بولغىنى بىلەن ئىككىسىنىڭ بالىلىرى بىربىرگە هارام ئەمەس.زىنا مەسلىسىمۇشۇنداق.

366. ئاچا ـ سىڭىلنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھدا جۈپلەپ ئېلىش هارام، قەتئىي دۇرۇس ئەمەس دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

367. لېكىن، دېدەك، چۆرە بولغان ئاچا ـ سىڭىلنى بىرلا ۋاقىتتا جۈپلەپ سىپتىۋىلىش دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

368. دىدەك، چۆرە بولغان ئاچا ـ سىڭىلنى بىراقلا بىرلا ۋاقىتتا جىنسى مۇناسىۋەتتە، جىمائدا جۈپلەش هالال ئەمەس، دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.ئىمام مالىك مەكرۇھ دىگەن. بۇ ئىجمائدىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار ئايرىلىپ چىقىپ، بۇلارنى بىر

ئايەت هارام قىلدى، ئۇ بولسىمۇ مۇتلەق ئاچا ــ سىڭىلنى جۈپلەپ ئېلىش هارام دېگەن ئايەتتۇر، سۈرە نىسا. بۇ ئام بولۇپ، هۆرنى، قۇل، دېدەكنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. يەنە بىر ئايەت، هالال قىلدى، ئۇ بولسىمۇ سىلەر ئىگە بولغان چۆرە، دېدەكلەر هالال «ۋە ما مەلەكەت ئەيمانۇكوم» دېگەن ئايەت، بۇ ئايەت كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ، شۇڭا هالال، دۇرۇس. بۇمۇ ئام بولۇپ، ئاچا ــ سىڭىل، دېدەك، چۆرە بولسىمۇ هالال بولىدۇ دەپ ئايرىلدى، سۆزمۇ قىلالمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىمام ئەهمەد ئىبنى هەمبەل رەهمەهۇللا ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە جۇمهۇر ئالىملار، ئىمام شافىئى رەهمەهۇللا ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى، دېدەك، چۆرە ئاچا ــ سىڭىل بولسىمۇ مۇناسىۋەتتە جۈپلەنسە هالال بولىدۇ، مۇناسىۋەت قىلىنىدۇ، لېكىن نىكاهدا، ئەقدە قىلىش هارام دېگەن. توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، (بۇخارىنىڭ شەرهىسى پەتهۇلبارىدىن،ۋەباشقىلار)

369. ئايال كىشى دادا ياكى ئانا تەرەپدىن بولغان هاممىسى بىلەن جۈپلەپ نىكاهلانمايدۇ، ئېلىنمايدۇ، هامملارمۇ شۇنداق، چوڭ، كىچىككە، كىچىك، چوڭغا جۈپلەپ نىكاهلانمايدۇ دېگەن شۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

370. ئەگەر ئەر كىشى، ئايالنى رەجئى يەنى يانسا بولىدىغان تالاق قىلسىمۇ بۇ ئايالنىڭ ئىددىتى توشمايى تۇرۇپ، تۆتىنچى بىر خوتۇننى ياكى شۇ ئايالنىڭ ئاچىسىنى، يا سىڭلىسىنى نىكاهلاپ ئالالمايدۇ، مانا بۇ ئەر كىشى ئىددەت سانايدىغان چاغدۇر دەپ ئىجمائقا كەلدى، ئەگەر ئۈچ تالاق قىلسا، بەتتە قىلسا، ئىختىلاپ بار، كۆرۈۋېلىڭ.

371. ئىرى يوقاپ كەتكەن ئايالغا ئىددەت ئىچىدە بولسىلا ئىرىنىڭ مال ــ مۈلكى، نەپىقە، خىراجەت قىلىنىدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

372. ئەگەر ئىرىنى يوقىتىپ قويغۇچى ئايال توي قىلىپ ئىككىنچى ئەردىن بالا تۇغسا، بۇ بالا ئىككىنچى ئەرنىڭ بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، نوئمان بالىغا بىرىنچى ئەر ئەڭ لايىق دەپ تۇرىۋالدى.

373. ئەگەر بىر مۇسۇلمان جەڭچى دۈشمەنلەرگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالسا، ئايالى ئەرگە تەگمەي ساقلاپ تۇرۇشى كىرەك، ئۆلگەنلىكى ئىنىق مەلۇم بولسا، شەكسىز ئىسپاتلانسا ياكى دىنسىز، مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولسا، ئىددەت تۇشسا ئاندىن ئەرگە تىگەلەيدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

374. نەسەبدە هارام بولغان نەرسە، ئىمىلدەشتىمۇ ئوخشاشلا هارام بولىدۇ، هارام بولۇشىدا نەسەپ بىلەن ئىمىلدەشنىڭ پەرقى يوق دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

375. ئەگەر توي قىلمىغان بىر قىزچاق، كىچىك بالىنى ئىمىتسە،سۈت چىققان بولسا،ئۇبالا ئىمىلدەش بالىسى بولۇپ كىتىدۇ. چۈنكى، ئىمىلدەش بولۇش ئۈچۈن ئەرگە تىگىش ئەمەس، بەلكى، سۈت چىقىش ۋە بالا ئىمىپ ئۇچىيى هۆل بولۇش شەرتتۇر. لىكىن، بۇ بالىنىڭ ئىمىلدەش دادىسى يوق بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

376. تۆگە،قوي، كالىدەك هايۋانلارنىڭ سۈتىنى ئىچىش بىلەن ئىمىتىش بىلەن ئىمىلدەش بولۇپ قالمايدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

377. ئىرى بار ئايال بىرەر بالىنى ئىمىتسە، ئىمىلدەش ئانىسى بولىدۇ، ئىرى بولسا، دادىسى بولىدۇ، ئەگەر بۇ ئايال ئىرىدىن ئاجرىشىپ باشقا ئەرگە تەگسە ئىككىنچى ئەر ئىمىلدەش دادىسى بولمايدۇ، پەقەت ئىمىتىۋاتقان چاغدا ئىرى بولمىسىلا دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

378. ئەگەر بىر ئەر بىرلا ۋاقىتتا بىر نىكاھ ئەقىدىسىدە بىر ھۆر ئايال بىلەن يەنە بىر دىدەكنى نىكاھىغا ئالسا، ھۆرنىڭ نىكاھى سابىت، دۇرۇس بولىدۇ، دىدەكنىڭ باتىل بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. لېكىن، مالىك ئىبنى ئەنەس، ئۇ ھۆر ئايال بۇ ئىشنى بىلسە، مەسىلە يوق، ئىككىلىسى دۇرۇس بولىۋېرىدۇ دىدى.

379. ئەھلى كىتابلارنىڭ دىدەك، چۆرىلىرى بىلەن ئىگە بولسىلا، مۇناسىۋەت قىلسا ھالال بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ھەسەن بەسەرى ئۇنىمىدى.

380. ئەگەر بىر دىدەك، چۆرە ئىككى ئەرنىڭ ئارىلىقىدا تەڭ چۆرە بولسا، ھەر ئىككىلى ئەر نىكاھىغا ئالسا، بۇ نىكاھ دۇرۇس، سەھىھ بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. چۈنكى، چەكلىمە يوق، شۇڭا دۇرۇس.

381. قۇل ئەر كىشى ئىككى ئايال ئالالايدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

382. قۇلنىڭ نىكاھى خوجايىنىنىڭ ئىزنى، رۇخستى بىلەن دۇرۇس بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

383. قۇلنىڭ نىكاھى خوجايىنىنىڭ ئىزنىسىز، رۇخسىتىسىز دۇرۇس ئەمەس دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

384. ئەگەر بىر ھۆر ئايالنى قۇل ئالداپ مەن ھۆر ئىنسان دەپ نىكاھىغا ئېلىۋالسا، ئاندىن بۇ ھۆر ئايال ئۇقۇپ قالسا، ئىختىيارلىققا ئىگە، خالىسا ئۆيىنى تۇتىدۇ، خالىسا ئاجرىشىپ كېتىدۇ دەپ ئىجماﺋ قىلىندى.

385. ئايال خوجايىنىنىڭ ئۆز قۇلى بىلەن بولغان نىكاھى باتىل دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

386. ئەر كىشىنىڭ مۇسۇلمان ئايالى بىلەن زىممىي دىدەك، چۆرە ئارىلىقىدىكى تەقسىماتى ئوخشاش، باراۋەر بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ئەمەلىيەتتە نىكاھقا كاپىر، دىنسىز ئايالنى ئېلىش ھارام، دىدەك، چۆرە باشقا.

387. ئەگەر بىر ئەر، بىر ئايال بىلەن توي قىلىپ، جىنسى مۇناسىۋەت قىلالماي تۇرۇپ چەكلەش، ئايال تەرەپدىن بولسا، بۇ ئايالغا نەپىقە، خىراجەت بېرىش ھاجەتسىز، ئەگەر چەكلىنىش، ئەر تەرەپدىن بولسا، نەپىقە بېرىلىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى، ھەسەن بەسرى مۇناسىۋەت قىلالمىسا نەپىقە بەرمەيدۇ دىدى.

388. قۇل ئەرنىڭ ئۈستىگىمۇ ئايالىنىڭ نەپىقىسى، خىراجەت چىقىملىرى ۋاجىپ بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

389. ئىنسان، مال ــ مۈلكى يوق باللىرىنىڭ نەپىقىسىنى خىراجەت، چىقىمىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

390. ئەگەر بىر كىچىك بالىنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتسە، بۇ بالىنىڭ مال ــ دۇنياسى بولسا، بۇ بالىنىڭ نەپىقىسى، خىراجەت

چىقىملىرى ئۆز مىلىدىن بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، مىراسى ئايرىم بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

391. ئەگەر ئەر ــ ئاياللار ئاجرىشىپ كەتسە، ئارىلىقىدا بىر كىچىك بالا بولسا، ئانا، ئەرگە تەگمىسىلا بالىسىغا لايىق، ھەقلىقراق بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

392. ئەگەر ئانا ئەرگە تېگىپ كەتسە، بالىدا ھەققى يوق دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

393. شۇ ئىسىگىرزدە بولسۇنكى، ساھابىلار نامازنى تەرىك ئەتكۈچى كاپىر بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ئۇنداق بولغان ئىكەن، نىكاھدا بۇ ھۆكۈم ئىجرا بولىدۇ، خۇددى يۇقىرىدا كاپىر ۋەلى بولالمايدۇ دېگەندەك، كاپىرغا قىز بېرىشكە ياكى كاپىر قىزنى ئېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. جۇمھۇر ئالىملار، نامازغا تانسا، ئىنكار قىلسا، شەكسىز كاپىر، تەرىك ئەتسىمۇ كاپىر بولىدۇ، ئەگەر ھورۇنلۇق قىلىپ قەستەن ئوقىمىسا، كاللىسى ئېلىنىدۇ، ئۆلتۈرۈلىدۇ دەپ ئىتتىپاققا كەلدى، ئەبۇ ھەنىيفەلەر ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلىدۇ ياكى ئۆلگىچە سولاپ قويۇلىدۇ دېگەن.

## تالاق توغرىسىدا

394. ئايالى ھەيزىدىن پاك چاغدا تالاق قىلىش سۈننەتكە ئۇيغۇندۇر دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ھەيز ۋاختىدا تالاق قىلمايدۇ. لېكىن، تالاق قىلساتالاق يۈز بېرىۋېرىدۇ.

395. ئايالنى تالاق قىلماقچى بولغان ئادەم، ئايالى ھەيزىدىن پاك چاغدا، جىنسى مۇناسىۋەت قىلماي تۇرۇپ بىرلا تالاق قىلسا، سۈننەت بويىچە توغرا قىلغان بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. چۈنكى، ھەيز ۋاختىداتالاق قىلىش، ئۈچ تالاق قىلىشلار بىدئەت تالاق بولۇپ، گەرچە تالاق يۈز بەرسىمۇ سۈننەت بويىچە ئىش قىلمىغان بولىدۇ.

396. ئەگەر ئايالنى بىرلا رەجئى تالاق قىلغان بولسا، ئىددەت توشۇشىدىن بۇرۇن ئەرنىڭ قايتىۋېلىش ھوقۇقى بولىدۇ، ئىددەت توشۇپ كەتسە، قايتا ئەلچى ئەۋەتىپ يېڭى باشتىن ئالىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

397. ئەگەر بىر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ، تېخى جىنسى مۇناسىۋەت قىلماي تۇرۇپ، بىر تالاق قىلسىمۇ بۇ بەتتە تالاق، قاتتىق تالاق بولۇپ، يەنە نىكاھ قىلمىسا بولمايدۇ، جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان بولسا بىر تالاق رەجئى بولىدۇ، قايتالايدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

398. كىم ئايالنى ئۈچتىن كۆپ تالاق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئايالى پەقەت شۇ كۆپ تالاق ئىچىدىكى ئۈچ تالاق بىلەنلا ئۇ كىشىگە ھارام بولىدۇ، تا باشقا ئەرگە تېگىپ ئاندىن ئاجرىشىپ يا ئېرى ئۆلۈپ، ئىددەت توشقاندا ئاندىن ھالال دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

399. ئەرەبلەردىن باشقا مىللەتتىكى ئەجەملەر ئۆز تىلى بىلەن تالاق قىلسىمۇ ياكى تالاق دىگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۇقماي تالاق قىلسىمۇ يەنىلا تالاق يۈز بېرىۋېرىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

400. تۆت خوتۇنى بار بىر كىشى، بىر ئايالنى تالاق قىلسا،

ئاندىن ئىددىتى توشۇشىدىن بۇرۇنلا بەشىنچى بىرنى ئالسا، كەينىدىنلا ئۆلۈپ كەتسە، بەشىنچى خوتۇنىمۇ، ئىددىتى توشۇش ئالدىدا تۇرغان، تالاق قىلىنغان تۆتىنچى خوتۇنىمۇ ۋارىس بولىدۇ ئاخىرقىسىغا $\frac{1}{8}$ نىڭ $\frac{1}{4}$ نى مىراس قىلىپ بېرىلىدۇ. دېمەك، ۋارىس بولالايدۇ دېمەكچى، بۇ ئىجماﺋ قىلىندى.

401. كىم قايتىۋېلىشقا بولىدىغان رەجئى تالاق ئۇسۇلىدا ئايالىنى تالاق قىلسا، ئاندىن ئىددەت توشۇشىدىن بۇرۇن قايسىسى ئۆلۈپ كەتسە، بىر ــ بىرىگە ۋارىس بولالايدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

402. كىم ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلسا، ۋەھالەنكى، ئۇ ساپساق تۇرۇپ، شۇنداق قىلسا، ئاندىن بۇلاردىن قايسىسى ئىددەتتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسىمۇ بىر ــ بىرىگە ۋارىس بولالمايدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى. ئۈچ تالاقدا بىر ــ بىرىگە ۋارىس بولالمايدۇ، قەتئىي ئۈزۈلىدى.

403. مەجنۇن، ساراڭنىڭ تالىقى دۇرۇس ئەمەس، بېشى ئېلىشىپ قالغان، كېسىلى تۇتىدىغان كىشىنىڭ تالىقى دۇرۇس ئەمەس، ئايالى تالاق بولمايدۇ، ساق چاغدا تالاق قىلسا بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

404. ئەر كىشى ئۇخلاۋېتىپ، چۈش كۆرۈپ خوتۇنىنى تالاق قىلسا، بۇ تالاق يۈز بەرمەيدۇ، خوتۇنى تالاق بولمايدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

405. تالاقنىڭ راستىمۇ، چاخچىقىمۇ ئوخشاش باراۋەر، چاخچاق قىلىپ تالاق قىلسىمۇ تالاق يۈز بېرىۋېرىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

406. ئەگەر ئەر كىشى، ئايالىغا، سەن ھەيز كۆرسەڭ يەنى ئايالالار كېسىلى بولساڭلا تالاق دېسە، ئاندىن ئايال كىشى قاننى كۆرسىلا يەنى ھەيز قېنىنى كۆرسىلا تالاق بولۇپ كېتىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

407. سەن ھەيز كۆرسەڭ، تالاق دېسە، ھەيز كۆرگەندە ھەتتا ھەيزىدىن پاك بولغاندا ئاندىن سۈننەت بويىچە بولغان تالاق يۈز بېرىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى، مالىك رەھمەھۇللا شۇ چاغدىلا يۈز بېرىدۇ دېدى.

408. ئەگەر بىر ئەر ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلىپ ئاندىن كېيىن ئايالى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلىپ تالاق قىلغىنىغا تېنىۋالسا، لېكىن تالاق قىلغىنىغا دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەت كەلتۈرۈلسە، ئەر ــ ئايال ئارىسىنى ئايرىۋېتىلىدۇ، لېكىن، بۇ ئەرگە جازا، رىجىم قوللانمايدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

409. ئەقلسىز، دۆت، كالۋا، گالۋاڭ ئادەمنىڭ تالىقى تالاق بولىۋېرىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، لېكىن، ئەتائ ئىبنى ئەبى رەباھ نىكاھىمۇ، تالىقىمۇ دۇرۇس ئەمەس دەپ تۇرىۋالدى.

410. ئەگەر، ئەر، ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلسا، بۇ ئايال ئۇ ئەرگە ھالال ئەمەس، لېكىن، ئايەت، ھەدىستە كەلگەندەك، ئىككىنچى ئەرگە تەگسە ئاندىن نورمال ھالدا ئاجىراشسا ياكى ئۇ ئەر ئۆلۈپ كەتسە، ئىددەت توشسا ئاندىن  ھەقىقى جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلگەن بولسا، ئاندىن ھالال بولىدۇ، يەنى بىرىنچى ئەر ئالسا، دۇرۇس بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. سەئىد ئىبنى مۇسەييىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئىككىنچى ئەر ياكى شۇ ئايال، ئۇزىنى بىرىنجى ئەرگە ھالال قىلىشنى ئىرادە

قىلماسلىقى شەرت . ئالدىن دېيىشىۋالماسلىقى لازىم دېگەن، ئايەتتىكىدەك ئەركىشىلا ئەمەس، ئېرى بولىشى كېرەك.

411. ئاندىن بۇ ئايال ئېرىگە مەن ئەرگە تەگدىم، ئۇ ئەر مېنى ھەقىقى جىنسى مۇناسىۋەت قىلدى دېسە، ئەر ئىشەنسە، ھالال بولىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى، ئىددەت توشۇشىنى ئۇنتىماسلىق لازىم.

412. يۇقىرقى شەرت بويىچە ھەر ئىككىلى ئەردىن ئىددىتى توشۇپ، مۇناسىۋەتتىن كېيىن بىرىنچى ئەرگە قايتا تەگسە، بۇلار يەنىلا ئۈچ تالاق قىلىش ھوقۇقىدا بولىدۇ. يەنى ئۈچ قېتىم تالاق قىلغاندا ئاندىن نىكاھ ھارام بولىدۇ يەنى يەنە بىر تالاق قىلسا، تۆت بولماي بىر بولىدۇ.يېڭى باشتىن تالاق قىلىشقا ئىگە بولىدۇ، تۆتىنچىسىگە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ، باشتىكى ئۈچ تالاق تۈگەيدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

413. ئەگەر ئەر كىشى ئايالىغا، سەن ئۈچ تالاق دەپ بىرنى مۇستەسنا قىلىۋالسا، يەنى بىرسى بۇنىڭ سىرتىدا مۇستەسنا، بىرنى چىقىرۋالدىم دېسە، ئۇ چاغدا بۇ ئايال ئىككى تالاق بولىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

414. ئەگەر ئەر كىشى ئايالىغا سەن ئۈچ تالاق، دەپ ئاندىن ئۈچدىن باشقا، ئۈچنى مۇستەسنا قىلىپ چىقىرۋالدىم يەنى ئۈچ تالاق دەپ ئاندىن ئۈچى ئۈنىڭدىن مۇستەسنا دېسە، يەنىلا ئۈچ تالاق بولىۋېرىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى. بۇنداق چاغدا كۆللىدىن كۆللىنى مۇستەسنا قىلغىلى بولمايدۇ.

415. بىر ئەر ئايالىغا سەن مۇشۇ ھويلىغا كىرسەڭ ئۈچ تالاق

دېسە، ئاندىن ھويلىغا كىرسە، ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ، ئاندىن بۇ ئايال ئىككىنچى ئەرگە تېگىپ ئاندىن ئاجرىشىپ ئىددىتى توشۇپ، يەنە شۇ بىرىنچى ئەرگە تەگسە، ئاندىن يەنە شۇ ھويلىغا كىرسە، قايتا ئۈچ تالاق بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ھۆكۈم تۈنجى قېتىم تۈگىدى دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

416. بىر ئەر ئايالىغا ئەگەر سەن خالىساڭ سەن تالاق دېسە، ئاندىن ئايال مەن خالايمەن، پالانى خالىسا دېسە، بۇ ئايال تالاق ئىشنى باشقا بىر كىشىنىڭ خالىشىغا باغلاپ قويغاچقا تالاق بولمايدۇ. گەرچە ئۇ پالانى خالىسىمۇ تالاق بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئايالنى ئېرىلا تالاق قىلالايدۇ، ئاندىن ئىرى ھوقۇقنى ئايالىغا بەرسە، بۇ ئايال ئۆزىلا خالىماستىن تالاق قىلىش ھوقۇقى يوق كىشىنىڭ خالىشىغا باغلاپ قويغاچقا، تالاق بولمايدۇ دەپ ئىجمائ قىلىندى.

417. خىرىستىئان دىنىدىكى ئەر ـ خوتۇننىڭ ئېرى ئايالىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولسا، يەنى ناسارالىقدىن مۇسۇلمان بولسا، بۇلارنىڭ نىكاھى ئاجراپ كەتمەيدۇ، نىكاھى ئۆز پېتى قالىدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمان ئەر، كىتابىي ئايالنى ئالغاندەك بولىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

418. بۇددا دىنىدىكى ياكى مەجۇسىيلاردىن ياكى پەقەت دىنسىز دەھرىيلەردىن بولغان ئەر ـ خوتۇننىڭ بىرسى مۇسۇلمان بولغان ھامان نىكاھ ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. بىر ـ بىرىگە ھالال ئەمەس، ئەگەر تەڭلا مۇسۇلمان بولسا، نىكاھى قېلىپ قالىدۇ، دۇرۇس، ھالال دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

419. ئەگەر بىر ئەر، بىر ئايالنى قىزى بىلەن بىللە نىكاھىغا ئېلىۋالسا، يەنى ئانا ــ بالىنى جۈپلەپ نىكاھىغا ئېلىۋالسا، ئانىسى بىلەن جىنسى مۇناسىۋە قىلغان بولسا، ھەر ئىككىلى ئايالنى يەنى ئانا ــ بالىنى بۇ ئەردىن ئايرىۋېتىلىدۇ. مەڭگۈ بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنىمۇ ئالالمايدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

خۇددى ئىددىتى توشۇشدىن بۇرۇن بىر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىۋالسا، ئايرىۋېتىپ، مەڭگۈ بۇ ئايالنى ئۇ ئەرگە بەرمىگەندەك ئىشتۇر.

## خولئى يەنى ئەر ــ ئايالالر كېلىشمى توغرىسىدا

ئەر ئۆزى ئايالنى قويۇپ بەرسە، زۇلۇم سالسا، كۆڭۈلسىزلىك ئەر تەرەپدىن يۈز بەرسە، قەتئىي تويلۇق مېھرىنى بىر يۈۋەنىمۇ ئېلىۋالالمايدۇ، لېكىن، كۆڭۈلسىزلىك ئايال تەرەپدىن يۈز بەرسە، ئايال كىشى يامانلاپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۆزى ئاجرىشمەن، ئۆي تۇتمايمەن دەپ تۇرۇۋالسا، تويلۇق مېھرىنى ئەرگە تولۇق قايتۇرىدۇ، ئەرمۇ ئالسا ھاالل بولىدۇ، مانا بۇ خۇلئى كېلىشىم ھېسابلىنىدۇ.

420. ئەر، ئايالدىن تويلۇق مېھرىنى ئېلىۋالالمايدۇ، ئېلىۋېلىشىمۇ ھاالل ئەمەس، لېكىن، كۆڭۈلسىزلىك، ئۇرۇش ــ جىدەل ئايال تەرەپدىن يۈز بەرسە، ئايال ئاجرىشمەن دەپ تۇرىۋالسا، ئاندىن تولۇقنى ئېلىۋالسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ئايەت، ھەدىستە شۇنداق كۆرسىتىلگەن.

421. خۇلئى قىلىش، يەنى ئەر ــ ئايال كېلىشىم قىلىش، سۇلتان، ھاكىم، ۋالى بولمىسىمۇ ئۆزئارا دۇرۇس، ھالال ئىشدۇر دەپ ئىجمائىقا كەلدى. لېكىن، ھەسەن بەسرى بىلەن ئىبنى سىرىيىن رەھمەھۇلالار بۇ كېلىشىم سۇلتان ئالدىدا بولىدۇ دېدى.

## ئايالى توغرىسىدا قەسەم قىلىش ۋە زىھار يەنى ئايالنى ئانىغا ئوخشۇتۇش توغرىسىدا

422. ئايالى توغرىسىدا جىمائىدىن يەنى جىنسى مۇناسىۋەتتىن توسۇدىغان ھەرقانداق قەسەم، قۇرئاندىكى ئىيلائ شۇدۇر، دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

423. فىيئى دەپ ئاتىلىدىغان قەسەمدىن قايتىۋېلىش، جىمائ، جىنسى مۇناسىۋەت قىلىش، قەسەم قىلغۇچى ئۇچۇن ئۆزرە يوق بولۇپ قالسا بولىدۇ، يەنى بۇ ئۆزرىسى بولمىغاچقا قەسىمدىن يېنىپ، مۇناسىۋەت قىلىدۇ، قەسىمگە كاپارەت بېرىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

424. ئەگەر بىر خوجايىن، مېنىڭ قۇلۇم ئايالى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا، ئازاد، ھۆر بولسۇن دېسە، ئاندىن بۇ مۇناسىۋەتتىن بۇرۇن ئۇ قۇلنى سېتىۋەتسە، ئۇ قەسىمى بىكار بولۇپ كېتىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

425. زىھار دىگەن، ئەر كىشى ئۇچۇق قىلىپ ئايالغا سەن ماڭا ئانامغا ئوخشاش دىيىشىدۇر دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

28 ــ پارىنىڭ بېشىدىكى سۈرە مۇجادىلە، مۇشۇ زىھار توغرىسىدا

چۈشكەن بولۇپ، جازاسى، كاپارىتى شۇ سۈرىدە بار، كۆرۈۋېلىڭ.

426 . قولنىڭ زىھارى ھۆرنىڭكىگە ئوخشاشتۇر، يەنى قول، ئايالنى يۇقىرقىدەك زىھار قىلسا، خۇددى ھۆر ئىنسان قىلغاندەك بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، كاپارەت بېرىشمۇ ئوخشاش ئىكەن.

427 . زىھارنىڭ كاپارىتىگە بىر مۆئمىن قول ئازاد قىلىش لازىم، شۇنداق قىلغاندا، ئادا تاپىدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

428 . زىھارنىڭ كاپارىتىگە ئۇممە ۋەلەد يەنى سەن تۇغساڭ ئازاد دىگەن قولنى ئازاد قىلسا، دۇرۇس بولمايدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، ئوسمان تائوس رەھمەھۇللا دۇرۇس، كۇپايە دىدى.

429 . قولدىكى ئەيىب ـ نۇقسانلار كۇپايە بولغۇدەك، دۇرۇس بولغۇدەك بولسا، دۇرۇس، كۇپايە بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، كۇپايە قىلمايدۇ، دۇرۇس بولمايدۇ بۇنى تەقۋا، ئادىل كىشىلەر باھالايدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

430 . ئەگەر ئازات قىلىنغان قول، ئەما، مىيىپ، ئولتۇرۇم (ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىغانلام)، ئىككى قولى چولاق، كېسىلگەن ياكى ئىككى پۇتى يوق بولسا، قەتئىي دۇرۇس ئەمەس، كۇپايە قىلمايدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، گەرچە ئايەتتە مۇتلەق قول، مۆئمىن قول دىگەن بولسىمۇ، بۇ شەرتلەرگە ساھابىلار، تابىئىنلار ئىجمائىقا كەلدى، ئەمەل قىلىڭ.

431 . بىرەر ئەزاسى پالەج بولۇپ، قالغان ئەزالار ساق بولسا، پالەج قاتتىق بولمىسا، بىر كۆزى كور بولۇپ، بىر كۆزى ساق بولسا، بۇنداق

قوْلنى ئازاد قىلسا دوْروْس، كوْپايه قىلىدوْ، كاپارەت ئادا تاپىدوْ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

432. كەينى ــ كەينىدىن ئوْلاپ توْتىدىغان ئىككى ئاي يەنى 60 كوْن رامىزاننى يەنى روزا توْتوْشنى بىرەر ئوْزرە بىلەن ئوْزوْپ قويسا، يەنە قايتا باشىدىن باشلاپ يېڭىلاپ توْتىدوْ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

433. يوْقىرىدا دىيىلگەندەك ئايال كىشى بولوْپ قالسا، ھەيز، كېسەل ئوْزوْپ قويسا بولىۋېرىدوْ، بوْ ئايال ھەيز كېسەل كوْنلەردىكىنىڭ ئورنىغا قازاسىنى توْتىدوْ، ئاندىن 60 كوْن ئادا تاپىدوْ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

434. يوْقىرقى ئىككى ئاي روزا توْتوْشقا 58 ياكى 59 ــ كوْن روزا توْتسا دوْروْس بولىدوْ، ئادا تاپىدوْ. چوْنكى، ئاي 29 كوْنموْ كېلىدوْ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. بوْنىڭدا بىر ئىككى كوْن قىسقاردى، ياخشىسى تولوْق 60 كوْن توْتقىن، تەقۋا بولىسەن.

435. زىھار قىلغان ئەر كىشى بىر ئاي روزا توْتوْپ، ئاندىن كوْندوْزدە ئايالى بىلەن قەستەن جىنسى موْناسىۋەت قىلىۋەتسە، ئوْ چاغدا بوْ روزىنى يەنە باشتىن باشلاپ توْتىدوْ، چوْنكى، بوْ روزىنى ئوْزوْپ قويدى، كوْندوْزى ئىدى، شوْنداقلا جىنايەت بار دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

## لىئان يەنى ئەر ــ ئاياللارنىڭ بىر ــ بىرىنى ئەيىبلىشى توغرىسىدا ئىجمائقا كەلگەن مەسىلىلەر

436. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بالا كۆپىنىڭ دىگەن ھەدىسى سابىتتۇر. ئەر ئايالنى جىنسى مۇناسىۋەتتىن بۇرۇن زىنا بىلەن ئەيىبلىسە، ئۆزئارا لەنەت ئېيتىشىدۇ، ئەيىبلىشىدۇ، دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، بۇ ئەيىبلىشىش، سۈرە نۇرنىڭ 6 ــ ئايىتىدىن 10 ــ ئايىتىگىچە بولغان قەسەملەر شۇدۇر.

337. بىر ئەر بىر پاك ئايالنى ئالدى بىلەن زىناغا بۆھتان قىلىۋېتىپ، ئاندىن شۇ ئايال بىلەن توي قىلسا، بۇ ئەرنى بۆھتان قىلغانىنىڭ جازاسىغا تارتىپ قامچىلايمىز، ئايالنى ئەيىبلەش ھوقۇقى يوق دەپ ئىجمائقا كەلدى.

438. ئەگەر توي قىلغۇچى ئەر، ئايالنى يەنى تېخى توي قىلمىغان تۇنجى بولۇپ مۇشۇ ئەر بىلەن توي قىلغان قىز، ئايالنى مەن سېنى قىز ئالماپتىمەن، يەنى سەن قىز ئەمەسكەنسەن، سەن قىز چىقمىدىڭ دېسە، بۇ ئەرگە بۆھتان قىلغان ھېسابىدا جازا كەلمەيدۇ، چۈنكى، قىزلىقىنىڭ بۇزۇلۇشى قىزلىقىنىڭ بىكار بولۇشى زىنادىن، تويدىن باشقىمۇ بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. لېكىن، ئىبنى مۇسەييىب ئۇ ئەرگە بۆھتان قىلغۇچى قاتارىدا قامچا ئۇرىمىز دىگەن.

439. كىچىك بالا ئالدىن نىكاھلاپ قويۇلغان ئايالغا بۆھتان چاپلىسا، قامچا ئۇرۇلمايدۇ، ئەيىبلەش ھوقۇقىمۇ بولمايدۇ، ئۆزئارا قەسەم

قىلدۇرۇش ھاجەتسىز. چۈنكى، ئۇ دىگەن كىچىك بالا تۇرسا دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

## ئىددەت توغرىسىدا ئىجمائىقا كېلىنگەن مەسىلىلەر

440. ھامىلدار ئەمەس مۇسۇلمان، ھۆر ئايالنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، مەيلى ئۇ ئايال كىچىك ــ چوڭ بولۇسۇن ياكى جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسۇن ياكى ئۆتكۈزمىگەن بولسۇن، ئىددىتى تۆت ئاي ئون كۈندۇر دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

441. رەجئى تالاق قىلىنغان ئايالغا ئۆي تۇتۇپ بېرىلىدۇ، نەپىقىنى ئېرى بېرىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

442. ئاللاھ، قۇرئاندا ئەگەر ئۇلار ھامىلدار بولسا نەپىقە بېرىلىدۇ دىگەچقە ئايال كىشى ھامىلدار بولسا، مەيلى ئۈچ تالاق قىلىنسۇن مەيلى بىر، چوقۇم ئەر تەرەپ نەپىقە، خىراجەت بېرىشى لازىم ھەپ ئىجمائىقا كەلدى.

443. ئايال كىشى تۇغۇپ قالسا، يەنى ئەرگە تېگىپ ئالتە ئايدىن بۇرۇن تۇغۇپ قالسا، بالا بۇ توي قىلغان دادىنىڭ ئەمەس، نەسەبى بۇ دادىغا قوشۇپ قويۇلمايدۇ. ئەگەر توي قىلىپ ئالتە ئايدىن كېيىن تۇغسا، ئاندىن بالا مۇشۇ دادىنىڭ بولىدۇ، دادىغا قوشۇپ قويۇلىدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

444. ئايال كىشى ھامىلدار بولسا، مەيلى ئېرى ئۆلسۇن، مەيلى بىر تالاق قىلسۇن، مەيلى ئۈچ تالاق قىلسۇن، مەيلى ھۆر بولسۇن، مەيلى

دىدەك، قوُل بولسۇن، مەيلى مۇكاتەپ مۇدەببەر قوُل بولسۇن، ئىددىتى بالىنى تۇغۇش بىلەنلا توشىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

تۇغسىلا نىپاسلىقدىن قۇپسا توي قىلالايدۇ.

445. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتى ئەگەر ھامىلدار بولسا، بالىسى چۈشۈپ كەتسىمۇ توشۇپ بولغان بولىدۇ، نىپاسلىقدىن قوپسىلا توي قىلسا بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

446. ھامىلدارلىقدىن تۇغۇش بىلەن ياكى بالىسى چۈشۈپ كېتىپ، بوشانغان ئايال ئېرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى ياكى تالاق قىلغىنىنى بىلمىسىمۇ ئىددىتى توشقان بولىدۇ. چۈنكى، تۇغۇتتىن قوپقاندىن كېيىن، ئېرى بىلەن كۆرۈشمىگەن دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. لېكىن، تالاق قىلىنغان ھامىلدار ئەمەس ئايالنىڭ ئىددىتى چوقۇم تالاق قىلىنغاندىن باشلاپ باشلىنىدۇ، ھېسابىنى تالاق قىلغان كۈندىن باشلاپ ساناڭ.

447. ئەسلى قائىدە، ھەيز كۆرىدىغان ئايالنىڭ ئىددىتى ئۈچ ھەيزى ياكى ئۈچ قېتىم پاك بولۇش، ھەيز كۆرمەيدىغان ئايالنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر. لېكىن، بىر ئايال بۇ ئۈچ ئايدا ئىددەت تۇتىۋاتقان بولسا، توساتتىن ئۈچىنچى ئاي توشۇشدىن بىر كۈن بۇرۇن ھەيز كۆرۈپ قالسا، يەنى ئايالار كېسىلى بولۇپ قالسا، ئىددەتنى ھەيز كۆرىدىغانلارغا ئوخشاش ئۈچ ھەيزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ تۇشتۇرىدۇ. ساق ئۈچ ھەيز كۆرسە، ئىددىتى توشىدۇ، بۇرۇنقى ئىككى يېرىم ئاي بىكار بولۇپ كېتىدۇ، يېڭى باشتىن ئىددەت تۇتىدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

448. نىپاسدار ھالەتتە تالاق قىلىنغان ئايال، بۇ نىپاسلىقنى ئىددەت قاتارىدا ھېساپلىماي، ساقايغاندا يېڭى باشتىن يا ئۈچ ھەيز كۆرۈش بىلەن يا ئۈچ قېتىم پاك بولۇش بىلەن ياكى ھەيز كۆرمىسە ئۈچ ئاي ئىددەت تۇتۇش بىلەن ئىددەت تۇتىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

449. ئەگەر بىر ئەر ئايالىنى يېنىۋالسا بولىدىغان رەجئى تالاق قىلىپ، ئىددىتى توشۇشىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، بۇ ئايال ئۇ ئەرگە ۋارىس بولالايدۇ، شۇنداقلا ئىددەتنى ئېرى ئۆلگەن قاتاردا تۆت ئاي ئون كۈن تۇتىدۇ. تۆت ئاي ئون كۈن ئۆتسە توي قىلالايدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

450. ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال، مەيلى ئىددىتى توشسۇن، مەيلى توشمىسۇن، ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، ۋارىس بولالمايدۇ، ئېرىمۇ بۇ ئايال ئۆلۈپ كەتسە ۋارىس بولالمايدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

451. مۇسۇلماننىڭ قول ئاستىدىكى ئەھلى كىتابدىن بولغان زىممىي خوتۇننىڭ ئىددىتى ھۆر مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئىددىتىگە ئوخشاشتۇر دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

452. ئەگەر بىر ئەر، يەنە بىر خوجايىن ئەرنىڭ قول ئاستىدىكى ئۈممە ۋەلەد قۇلنى يەنى تۇغساڭ ئازاد دېگەن دېدەكنى توي قىلىپ ئالسا، ئاندىن ئۇ خوجايىن ئەر ئۆلۈپ كەتسە، بۇ دېدەك قۇل،خوجايىندىن ئىددەت تۇتمايدۇ. رەھمىتىمۇ پاكلاپ ئولتۇرمايدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ئېرى باردە!

453. ھەيز كۆرىدىغان دېدەك، چۆرە ئايالنىڭ ئىددىتى ئىككى

ھەيز كۆرۈشتۇر دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، يەنى تالاق قىلىنسا، شۇنداق ئىككى ھەيز بولىدۇ.

454. ھاملىدار دېدەك، چۆرىنىڭ ئىددىتى، ئىددەت مۇددىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىز يۇقىرىدا دېگەندەك بالىنى تۇغۇشتۇر ياكى بالا چۈشۈپ كەتسە، ئىددىتى توشىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

455. ھەيز كۆرمەيدىغان دېدەك، چۆرىنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىكى ئىددىتى ئىككى ئاي، بەش كۈندۇر، ئىككى ئاي بەش كۈن دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ئىبنى سىرىين تۆت ئاي 10 كۈندۇر دېدى.

456. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئايالنىڭ ئېرىدىن باشقا مېيىتكە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدىن ئارتۇق قارلىق تۇتۇش ھالال ئەمەس، ئېرى ئۆلۈپ كەتسە تۆت ئاي 10 كۈن ئولتۇرىدۇ دېگەن سۆزىگە ئىجمائقا كەلدى، ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللا بۇ تۆت ئاي 10 كۈن ئىددەت بولىدۇ، قارلىق تۇتۇش دېگەن بولمايدۇ دېگەن.

457. ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايال بولۇپمۇ ئېرى ئۆلگەن ئايال بويالغان سېرىق، قىزىل كىيىملەرنى كىيسە بولمايدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى. لېكىن، ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللا، ئورۋەت ئىبنى زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مالىك ئىبنى ئەنەس شافىئى رەھمەھۇللالار رۇخسەت قىلدى، توغرىسىنى ئاللاھ بىلدى.

458. ئېرى ئۆلگەن چاغدا، ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايال يەنى قارلىق تۇتىۋاتقان مەزگىلدە يىپەك رەختنى كىيسە بولمايدۇ دېگەنگە ئىجمائقا

كەلدى. ئەتائ رەھمەھۇللا ئەگەر ئۇ كىيىم ياكى كۆمۈشتەك زىبۇ ــ زىننەتى ئېرى ئۆلگەن كۈنى ئۈستىدە بولسا، ئۇنى سالمىسا كېرەك يوق دېگەن.

459. شۇنداقلا ئېرى ئۆلۈپ، ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايال، زىبۇ ــ زىننەت، خۇشپۇراق ئەتىر، گىرىم بويۇملاردىن چەكلىنىدۇ، دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. لېكىن، يەنىلا ھەسەن بەسەرى رەھمەھۇللائايرىلىۋالدى بەلكىم بىدئەت، خۇراپاتتىن ئەنسىرىسە كېرەك.

460. ئېرى ھايات، بىرلا تالاق قىلىنغان ئايال، ئىددەت تۇتۇش جەريانىدا زىننەت بويۇم ئىستېمال قىلسا، گىرىم بويۇم ئىشلەتسە،بۇيالغان كىيىم ــ كېچەكنى كىيسە بولىۋېرىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، يارىشىپ قېلىش ئېھتىماللىقى باردۇر.

461. ھەرقانداق ئايال، ئەرلەر كۆپ جامائەت سورۇنىغا ئەتىر، خۇشپۇراق نەرسىنى چېچىپ چىقسا دۇرۇس بولمايدۇ، دېگەنگە ئىتتىپاققا كەلدى، ئېرى ئۈچۈن ھالال، دۇرۇس بولىدۇ.

462. مۇتئى نىكاھ، يەنى ۋاقىتلىق نىكاھ، بىرەر نەرسە، كىيىم ــ كېچەك ياكى ئازغىنا مېھرى بېرىپ، ۋاقىتلىق خوتۇنلۇققا ئېلىش، بولۇپمۇ تىجارەتتە سىرتلارغا بارغاندا ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىش، تا قىيامەت كۈنىگىچە ھارام دېگەنگە جۇمھۇر ئالىملار ئىتتىپاققا كەلدى. بۇ ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەلەرنىڭ ئىتتىپاققا كېلىشى، لېكىن، شىيئەلەر بۇ نىكاھنى ھالال دەپ تۇرىۋالىدۇ، ھاراملىققا سەھىھ ھەدىس باردۇر. لېكىن، ئۇلار بۇ ھەدىسكە ئۇنىمايدۇ.

463. ھۆر ئەر كىشى، ھۆر ئايالنى جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، بىر ياكى ئىككى تالاق قىلغان بولسا، ئىددىتى توشۇشىدىن بۇرۇن قايتۇرۇۋالسا بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

464. رەجئى تالاقتا، ئايالنى قايتۇرۇۋېلىش، يەنىلا گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن بولىدۇ، ئىككى گۇۋاھچى كەلتۈرۈش لازىم دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

465. قايتۇرۇۋېلىش، گەرچە ئايال ياقتۇرمىسىمۇ چوقۇم ئىددەت ئىچىدە بولۇشى لازىم. دەپ ئىجمائقا كەلدى، ئىددەت توشۇپ كەتسە قايتالمايدۇ.

466. ئايالنى بىر، ياكى ئىككىلا رەجئى تالاق قىلغۇچى ئەر، ئىددەت ئىچىدە قايتۇرۇۋالسا، توينى مېھرى ئالمىسىمۇ بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

467. تالاق قىلغۇچىنىڭ ئىددەت توشۇپ بولغاندا مەن قايتۇرۇۋالغان دېگەن سۆزى ئىناۋەتسىز، ئەگەر بۇ سۆزنى ئايال قەسەم قىلىشى بىلەن ئىنكار قىلسا سۆز ئايالنىڭ بولىدۇ، ئەرگە ھېچ يول يوق دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

468. ئەگەر بىر ئايال 10كۈن ياكى 15 كۈن ئىچىدە مەن ئۈچ قېتىم ھەيز كۆرۈپ، كېسەل بولۇپ بولدۇم، ئىددىتىم توشتى دېسە، ھەرگىز تەستىقلانمايدۇ، سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. لېكىن، بالام چۈشۈپ كەتتى دېسە، بالىسىنىڭ ئەزاسى ئاشكارا بولغان بولسا، سۆزى قوبۇل قىلىنىپ، ئىددىتى توشقان بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

## بەيئى، ئىلىم ــ سىتىم توغرىسىدا

469. ھۆر ئىنساننى سېتىش ھارام، سودىسى باتىل دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. ئۇنتۇپ قالماڭ، ئىجمائىقا كەلگەنلەر، ساھابىلار، تابىئىنلار، ھەقىقى ئىلىم ئەھلىدۇر. قۇرئان، ھەدىسنى ئىسلام دىنىنى ھەقىقى چۈشىنىدىغانلاردۇر.

470. مەيلى ئىنسان ياكى ھايۋان بولسۇن، مەيتەتنى يەنى ئۆلۈكنى، ئۆزى ئۆلگەن ھايۋاننى سېتىشتىن توسقان، ھارام دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزى ئۆلگەن، بوغۇزلانمىغان تۆگە، قوي، كالا، ئىشەكلەرنى ھەرگىز ساتماڭ، دىنىسىزلارغا ساتىسىڭىزمۇ ھارام. بۇ سۆزىگە ئىشەنمەي ئىجمائىدىن چىقىپ كېتىشىڭىزمۇ ھارام. ئەگەر ئىنكار قىلسىڭىز كاپىر بولىسىز.

471. ئىسلام شەرىئىتى رۇخسەت قىلغان، مۇباھ دەپ قارىغان سودا، ئىلىم ــ سىتىم دۇرۇستۇر دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

472. ئاللاھ، قۇرئاندا ھارام قىلغان، ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈك، قان، توڭگۇز قاتارلىقلارنىڭ ھاراملىقىغا ئىجمائىقا كەلدى. كەلمەيمۇ ھەددى ئەمەس. چۈنكى، بۇنى ئاللاھ ھارام قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىجمائىقا كېلىش، نۇر ئۈستىگە نۇر، ھۆججەت ئۈستىگە قاتمۇ ــ قات دەلىل ــ ئىسپات ھۆججەت بولغانلىقتۇر، قۇرئاننى چۈشىنىشكە پايدىسى بار.

473. توڭگۇزنى سېتىش ۋە سېتىۋېلىش قەتئىي ھارام دېگەنگە

ئىجمائقا كەلدى، سودىسى باتىل.

474. قورسىقىدا بار، بوغاز ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنى سېتىش پاسىد، ئالدىن پۇل بېرىش، ئېلىشلار باتىل دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

475. شۇنداقلا، چىشى ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنى سېتىش پاسىد، بەيئى باتىل بولغاندەك، ئەركەك ھايۋاننىڭ سۇلبىسىدىكى، نەسلىدىكى بالىسىنى سېتىشمۇ پاسىد، يەنى بۇ ئەركەك ھايۋاننىڭ بالىسىنى مەن ئالىمەن دەپ ئالدىن پۇل بېرىش باتىل دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، سورتلۇق بولسىمۇ ھەزەر قىلىنىڭ.

476. بۇغداي، شال، گۈرۈچدەك باشاقچىلارنى دەنى قېتىپ، ئاقرىپ پىشمىغىچە سېتىشدىن توسقان دىگەن ھەدىسكە ئىجمائقا كەلدى. دانلار پىشىپ، ئاپەتتىن سالامەت قالسا، ئاندىن سېتىشقا بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا دۇرۇس ئەمەس، شافئى رەھمەھۇللا بۇ ئىجمائقا كېيىن قايتىپ كەلگەن.

477. باغلارنىڭ مېۋىسىنى يىللىق سېتىشدىن يەنى بىر نەچچە يىللىق مېۋىسىنى ئالدىن ئېلىۋېلىش، ئالدىن سېتىش چەكلىنىدۇ، ھارام دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. چۈنكى، ئىككى تەرەپنىڭ بىرسى چوقۇم زىيان تارتىدۇ، ئاپەتنى ھەم يوق دىگىلى بولمايدۇ، توسقان ئىكەن دەرھال يېنىڭ.

478. مېۋىلەر قىزىرىپ پىشىپ يېتىلمىگىچە ئاپەتتىن سالامەت قالمىغۇچە شاخلار ئۈستىدە قويۇپ سېتىشدىن توستى دىگەنگە ئىجمائقا

كەلدى.

479. ئارايا ئىسمىلىك خورمىنى، يىغىلىشقائارىيەت بەرگەن خورمىنى شىپىخىدا قويۇپ ساتسا بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. لېكىن، نۇئمان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يەنىلا چەكلىدى.

480. كىم بىر خورمىلىق باغنى ياكى باشقا مىۋىلىك باغنى ساتسا، ساتقاندا تېخى چېچەكلىمىگەن بولسا، مىۋە سېتىۋالغۇچىنىڭ بولىدۇ، لېكىن، شەرتلىشىپ، دېيىشىپ ساتقۇچى ئېلىپ قېلىشقا دىسە، بۇ مۇستەسنا، ھېچنېمە دېيىشمىسە، يەنىلا مىۋە سېتىۋالغۇچىنىڭ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

481. ئەگەر بىر كىشى يېلىنىگە سۈت يىغىلغان ساختا يىلىن ئۇلاغنى يەنى كالا سېتىۋالسا، ئاندىن سېغىپ كۆرسە سۈت ئاز چىقسا، ئەنە شۇنداق ئەيىبى ئاشكارا بولسا، ئۇ ئىختىيارلىقتا بولىدۇ. خالىسا ساقلاپ قالىدۇ، سودا، سودا بولىۋېرىدۇ، خالىسا بىر سا خورما بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. ئەبۇ يۇسۇف، ئىبنى ئەبى لەيلالار سۈتىنىڭ قىممىتىنى قايتۇرىدۇ دېگەن، بەزىلەرقىممىتىمۇ قايتۇرۇلمايدۇ دېگەن.

482. مالنى بازارنىڭ تېشىدا توسۇپ سېتىۋېلىش دۇرۇس ئەمەس دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، نۇئمان ئايرىلدى.

483. ئېلىشنى قەرزنىڭ باراۋىرىگە سېتىش، يەنى 1500 ـ يۈەن ئېلىشنى 1000 ـ 1200 يۈەنگە سېتىش دۇرۇس ئەمەس ياكى ئېلىشنى ئالالماي ئۇنى ئالالىغىدەك كىشىگە سېتىش دۇرۇس ئەمەس دەپ

ئىجمائىقا كەلدى. يا ئۆزى ئالىدۇ يا ئەپۇ قىلىدۇ، يا كىچىكتۈرىدۇ خالاس.

484. سېتىشقا بولىدىغان شەرئىەت رۇخسەت قىلغان ھايۋاننى نەخ ساتسا، نەخمۇ ــ نەخ ئالسا، دۇرۇس، ھايۋاننى ھايۋانغا نېسى سېتىش دۇرۇس ئەمەس دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

485. نىيىل، پۇرات دەريالىرىدەك دەريانىڭ سۈيىنى باشلاپ بىرىپ سېتىش دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، شۇنىڭغا قارىغاندا قۇدۇقدىن سۇ چىقىرىپ ساتسا بولىدۇ.

486. سېتىۋالماقچى بولغان مال، دىدەك، چۆرە بولسا، خوجايىن قولىغا ئېلىشىدىن بۇرۇنلايەنى سېتىۋېلىشنىڭ ئالدىدىلا ئازاد قىلىۋەتسە، ئۇ قۇل،دىدەك،سېتۋېلىنسا ئازاد بولۇپ كېتىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

487. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ ھەدىسكە ئىتتىپاققا كەلدى، ئىجمائ قىلىندى، كىم بۇ دۇنيادا ئانا ــ بالا قۇلنى بىر ــ بىرىدىن ئايرىۋېتىپ ساتسا، بالا كىچىك بولۇپ ھاجىتىدىن چىقالمىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرىنى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن ئايرىۋېتىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى بىر ــ بىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

488. سەھىھ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان ئالتۇن ــ كۈمۈش، بۇغداي ــ قوناق، ئارپا قاتارلىقلارنى نەخمۇ ــ نەخ قولدىن ــ قولغا ئېلىپ سودا قىلسا دۇرۇس، ئەگەر نېسى ھالەتتە بىرىنى بىرىدىن ئاشۇرۇپ ساتسا، زىيادە بەرسە، زىيادە ئالسا جازانە بولۇپ، ھارام بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا

كەلدى.

489. ئالتۇننى كۈمۈشكە، كۈمۈشنى ئالتۇنغا ئالماشتۇرغۇچىلار، نەخ مەيداندا مالنى قولىرىغا ئالماي، بىر ــ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتسە، سودىسى، ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى باتىلدۇر، پاسىددرۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. بۇنى ھەدىستە ئوچۇق چەكلىگەن، نەخكە رۇخسەت قىلىنىدۇ، چۈنكى بىرسى ئالتۇن بىرى كۈمۈش.

490. خوجايىن قۇلنى ساتقان چاغدا، قۇلنىڭ قولىدىكى نەرسىنى ئېلىۋېلىشقا ھەقلىق دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

491. جازاندىن توسقان ھەدىستىكى ۋەزنە، كەمچەن، جىلىڭ، تارازىلاردا تارتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىگە يىيىلىدىغان، ئىچىلىدىغان نەرسىلەرمۇ كىرىدۇ، ئوخشاش جازانە يۈز بېرىۋېرىدۇ، چەكلىنىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

492. ئەگەر تاماقنىڭ، مىۋە ــ چىۋىنىنىڭ تۈرى بىر خىل بولسا، جىلىڭ سانى ئېنىق بولمىغان بىر دۆۋىسىنى يەنە بىر دۆۋىسگە سېتىش دۇرۇس، تۈرى، جىنسى بىر خىل بولمىسا دۇرۇس ئەمەس دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، دۆۋلەپ قويۇپ سېتىش ئىشى.

493. قۇرۇق خورمىنى ھۆل خورمىنىڭ باراۋىرىگە سېتىشدىن توستى دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، نوئمان رۇخسەت قىلدى.

494. ئەگەر بىر ئەر، ئېرى بار دېدەكنى، چۆرىنى ئۇقماي سېتىۋالسا، شۇنىڭ ئۆزى ئەيىب ھېسابلىنىدۇ، قايتۇرۇپ بېرىش ھوقۇقى

بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

495. بەيئى سەلەم دۇرۇس، بۇ قۇل ئىلكىدە ئالدىدا يوق نەرسىنى سېتىشتىن توسقان دېگەن ھۆكۈمدىن ئالاھىدە چىقىرىلغان، مۇستەسنا قىلىنغاندۇر. بىر ئەر يەنە بىر ئەرگە مەلۇم تاماق ياكى نەرسە ــ كېرەككە ئالدىن پۇل بېرىدۇ، كېلەر يىلى ياكى ئىككى يىلدىن كېيىنكى مالنى تاپشۇرۇپ ئالىمەن دەپ ئالدىن پۇلنى نەخ مەيداندا بېرىدۇ، ساتقۇچى پۇلنى ئالىدۇ، نەقنى شۇ چاغدىكى سودا، مال باھاسى بويىچە بېكىتىدۇ، كېلىشىپ بېكىتىدۇ، مالنىڭ سۈپىتى، جىنىڭ سانى مەلۇم بولىدۇ، ۋاختى مەلۇم بولۇشى لازىم، ھەتتا، تاپشۇرۇپ ئالىدىغان ماكانىنى مەلۇم قىلىدۇ، چۈنكى يۆتكەش، كىرا مەسىلىسى بار، ۋاختى مەلۇم، جىنىڭ سانى مەلۇم، مۇددەت مەلۇم، ماكانى مەلۇم، بەيئى شەرتكە ئۇيغۇن بولسا، پۇلنى ۋاختىدا بەرسە ئاندىن ساتقۇچى ۋەدىدە تۇرۇپ، مالنى شۇ دېيىشكەن سۈپەت بويىچە تاپشۇرسا بۇ دۇرۇس، سەھىھ بولىدۇ، چۈنكى، سەھىھ ھەدىس بار، دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، لېكىن كىشلەرنى ساختىلاپ قاختى ــ سوختى قىلىشتىن، جازانىدىن ھەزەر قىلىنىڭ.

496. سۈپىتى تونۇشلۇق مەلۇم بولغان مالنى مەلۇم مىقداردىكى پۇلغا ۋاختىنى، مۇددەتنى دېيىشىپ مەلۇم مۇددەت بويىچە ساتسا، ئالسا، دۇرۇس دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

497. بەيئى سەلەم، مالغا ئالدىن پۇل بېرىش، ئالدىن سودىلىشىش، مېتىر سانى، كىلو سانى، كەمچەن سانى، قاپ سانى مەلۇم بولمىغان ئاساستا قەتئىي دۇرۇس ئەمەس دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

498. ئەگەر مەلۇم تائامغا ئالدىن پۇل بەرگەن بولسا، بىر دىنارمۇ زىيادە بېرىشكە، زىيادە ئېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ، بۇ نەخ جازانە بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

499. بەيئى سەلەم، يۇقىرقى ئالدىن سودىلىشىش، مالغا بىرەر يىل ئالدىن پۇل بېرىش، كىيىم – كېچەككىمۇ دۇرۇس بولىدۇ، نېپىز، قېلىنلىقى، ئۇزۇن – قىسقىلىقى، رەڭگى، سۈپىتى، ۋاختى، مۇددىتى مەلۇم، ئېنىق بولسا دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

500. يۇقىرقىدەك ۋاختى، جىلك، كىلو سانى، ۋەزنى، مۇددىتى، ماكانى مەلۇم بولسا، نەخ مەيداندا پۇلنى ئالسا، كېيىن زىيادە، كام قىلىنىۋالمىسا بەيئى سەلم ياغقىمۇ دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

501. خرىستىئان، ناسارا بىلەن يەنە بىر ناسارا بەيئى سەلەم قىلسا، شەرتلەرگە مۇۋاپىق بولسا دۇرۇس بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

502. مال – مۈلۈكنى، ئاشلىقلارنى، پۇل، ئالتۇن – كۈمۈشكە سېتىشقا بولىدۇ، يەنى قىممەت بويۇمى بولالايدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

503. مەلۇم مالنى، مەلۇم پۇلغا سېتىپ ئالدىن ئازىراق پۇل ئېلىپ تۇرسا، قالغىنىنى كىيىنچە بەرسە دۇرۇس بولىدۇ، بەيئى سودىسى دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.ياجىلك دۇرۇس ئەمەس.بۇ،ھەقسىزئېلىشتۇر.

504. مەلۇم مىقداردىكى پۇلغا، ئىسمى ئېنىق بولمىغان، ئۆزىمۇ نەخ مەيداندا بولمىغان مالنى ساتسا، بۇ بەيئى سودا، پاسىد بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. ئۇنداق ئەخمەق سېتىۋالغۇچىمۇ يوقتۇ بەلكىم.

505. ئىسلام دۆلىتىدە ئەمىنلىك تىلەپ ئولتۇرغان زىممى دىنىسىزنىڭ قۇلى مۇسۇلمان بولسا، بۇلار ئىسلام دۆلىتىدە بولغاچقا ئۆزىگە سېتىپ بېرىلىدۇ، لېكىن بۇ دىنسىز، مۇسۇلمان قۇلنى مۇسۇلمانلارغا سېتىپ بېرىشى لازىم دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

506. تائام ۋە باشقا نەرسىنى ياكى پۇل، مالنى قەرز ئېلىش دۇرۇس دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، بۇ ئالالاھنىڭ رەھمىتى.

507. ئەگەر بىر كىشى ئالدىن پۇل بېرىش دۇرۇس بولىدىغان نەرسىگە ئالدىن پۇل بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ئاندىن كېيىن مالنى بەرمەي پۇلنى ياكى بەرگەن نەرسىنىڭ ئوخشىشىنى قايتۇرۇپ بەرسە، پۇل، مال بەرگۈچى قوشۇلسا بۇ دۇرۇس بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

508. ئالدىن پۇل ـ مال بەرگۈچى مالنىڭ ئازىراقىنى ھەدى قىلىۋېتىشنى شەرت قىلسا، ياكى مالغا ئالدىن پۇل ئالغۇچى ئازىراق پۇلنى ئارتۇق ئالسا، خۇلاسە زىيادە بەرسە زىيادە ئالسا، مانا بۇ نەخ جازانە بولىدۇ، ھارام بولىدۇ، سودىسى باتىل دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

## شوپئەت يەنى مالنى سېتىۋېلىشتا شېرىكچىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا

509. زىمىن ياكى ھويلا ـ ئارامىلارنى سېتىشدا ساتقۇچىنىڭ شېرىكىنىڭ باشقىلارنى قويۇپ، بالدۇر ئۆزى سېتىۋېلىش ھوقۇقى بولىدۇ، بۇ شوپئەت دېيىلىدۇ، بۇ شېرىك بولغانىنىڭ خوشنا، يېقىن بولغانىنىڭ پايدىسى دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

510. شوپئەت ھوقۇقى بېرىلگەن كىشى، يەنى يات باشقا

كىشىلەردىن بۇرۇن سىز سېتىۋېلىش دېيىلگەن كىشى مالنىڭ ياكى داچا، هويلا، زېمىننىڭ يېرىمىنى ئالىمەن، قالغىنىنى باشقىلار ئالسۇن دېيەلمەيدۇ، ئالسا، پۈتۈن ئالىدۇ ياكى ۋاز كېچىپ باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىۋېتىدۇ، مالنى ئىككىگە بۆلمەيدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

511. كىچىك بالىنىڭمۇ شوپىئەت هوقۇقى بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، ئەۋزائى رەهمەهۇللا ئۆزى ئۈچۈن مۇستەقىل ئالالىغىدەك بالىغ بولسا بولىدۇ دېگەن.

## شىركەت توغرىسىدا يەنى شېرىكچىلىك

512. شېرىك بولۇپ تىجارەت قىلغۇچىلار هەر ئىككىلىسى ئوخشاش پۇل ـ مال چىقىرىدۇ. ئاندىن بۇ پۇل ـماللارنى ئارىلاشتۇرۇپ، بىرلەشتۈرىدۇ، ئايرىمچىلىق قىلمايدۇ، هوقۇق هەر ئىككىلىسىنىڭ تەڭ بولىدۇ. هەر ئىككىلىسى با مەسلىهەتتە كېڭىشىپ سېتىۋالىدۇ، ۋە ساتىدۇ، پايدا ئارىلىقىدا تەڭ، زىيانمۇ ئارىلىقدا تەڭ بولىدۇ، زىيان پايدىغا تەڭ ئىگە بولىدۇ. مانا بۇ دۇرۇس شېرىكچىلىك دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

513. ئىككى شېرىكنىڭ بىرسى يەنە بىرسىنىڭ خەۋىرى يوق هالدا ئۇقتۇرماي نەرسە ـ كېرەكنى، ماللارنى سېتىۋالمايدۇ هەم ساتالمايدۇ، بۇ دۇرۇس ئەمەس. لېكىن ئۆزئارا مەسلىهەت قىلىشىپ، ئىقتىدارلىقراقىغا سەن ئال، هەم سات، دېسە ياكى هەر ئىككىلىسى ئىقتىدارلىق بولۇپ، بىرسى ـ بىرسىنىڭ ئورنىدا مۇستەقىل سودا

قىلىشنى، ساتسا ھەم ئالسا بولىۋېرىشنى دېيىشسە شەرت قويسا ئاندىن دۇرۇس بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

514. ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ بىرسى ئۆلسە، شېرىكلىك ئاخىرلىشىدۇ، بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، ئاندىن كېيىنكى ئۆلۈمدىن كېيىن ھايات قالغۇچى، پايدا ئالسىمۇ ئۆزىگە، زىيان تارتسىمۇ ئۆزىگە، قايتا شېرىك بولۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنى، ۋارىسلار، باللار بىلەن قايتا دېيىشىپ قىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى. چۈنكى، ئۆلگۈچىنىڭ مال ــ مۈلۈكلىرى ۋارىسلارنىڭ بولىدۇ.

515. سودا ماللىرىنى، ماتالارنى پاي قوشۇش بىلەن شېرىك بولۇش دۇرۇس ئەمەس، نەخ پۇل، مال قوشۇش لازىم دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ئىبنى ئەبى لەيلا باھاسى ئېنىق بولسا دۇرۇس بولىۋېرىدۇ دېگەن.

## گۆرۈگە قويۇش مەسىلىرى توغرىسىدا

516. گۆروگە نەرسە قويۇش يەنى رەنىگە نەرسە قويۇش، سەپەر ۋاختىدىمۇ مۇقىم يۇرتىدا تۇرغاندىمۇ دۇرۇس بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ھەدىستىمۇ شۇنداق بولدى.

517. گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە چوقۇم تاپشۇرۇلغان، رەنىگە ئالغۇچى تاپشۇرۇپ قولغا ئالغان بولۇشى كېرەك، كېيىن رەنىگە نەرسە قويغۇچىنىڭ نەرسىسنى قولغا ئېلىشدىن گۆرۈگە نەرسىنى ئالغۇچى توسسا، ئۇنىمسا، ئۇنى مەجبۇرلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى بىكاردىن

تۇسىمايدۇ، نەرسىنى سەۋەبسىز، ئۆزرىسىز قايتۇرۇپ بەرمىسە، ئاندىن ئېلىپ بېرىلىدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

518. رەنىگە نەرسە ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى سېتىشدىن باشقىلارغا سوۋغا، ھەدىيە، سەدىقە، ئېھسان قىلىپ بېرىشۋېتىشدىن چەكلىنىدۇ. نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ ھەققىنى ئادا قىلىشى كېرەك دىگەنىگە ئىجمائىقا كەلدى، ئۇ نەرسە پۇلنىڭ بارلىقىنى ۋە شۇ پۇلنىڭ قىممىتىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ.

519. رەنىگە دېدەك، چۆرىنى قويغان بولسا، بۇ كىشى رەنىگە نەرسە ئالغۇچىنى بۇ دېدەك، چۆرە بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشدىن تۇسالايدۇ، ئۇمۇ ھەم ئۇنداق قىلسا بولمايدۇ دىگەنىگە ئىجمائىقا كەلدى.

520. رەنىگە نەرسە ئالغۇچى ئىشەنچ قىلالمىسا،گۆروگەقۇيۇلغان نەرسىنى زىيادە قىلالايدۇ دىگەنىگە ئىجمائىقا كەلدى.

521. ئەگەر ئىسلاھ، پايدا ــ مەنپەئەت بولسا، مۇكاتەپ قۇلمۇ گۆرۈگە نەرسە قويسا بولىدۇ دىگەنىگە ئىجمائىقا كەلدى. (بۇ ئاز ــ تولا پۇل ــ مالنى بەرسە ئازاد بولىدىغان قۇل)

522. مۇكاتەپ قۇلنى گۆرۈگە قويۇپ تۇرۇش دۇرۇس. چۈنكى، ئۇنى يەنە قايتۇرۇپ ئالىدۇ دىگەنىگە ئىجمائىقا كەلدى، لېكىن شافىھى رەھمەھۇللا ئۇنىمىدى.

523. گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىنى ئارىيەت ئېلىش ياكى ئارىيەت ئېلىنغان نەرسىنىڭ مۇددىتى، گۆرۈگە يەتسە، رەنىگە قويۇش دۇرۇس دىگەنىگە ئىجمائىقا كەلدى. لېكىن، قاتتىق ۋاپا قىلىش لازىم.

524. رەنگە قويۇلغان قۇل جىنايەت ئۆتكۈزسە، بۇ جىنايەت قۇلنىڭ ئۆزىگە ياتىدىغان جىنايەت بولمىسا، خوجايىن ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. قۇل يەنىلا گۆرۈدە تۇرىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

525. مەلۇم مالنىڭ ياكى پۇلنىڭ باراۋىرىگە بىرەر نەرسە ياكى نۇرغۇن نەرسە رەنگە گۆرۈگە قويۇپ، مالنىڭ يېرىمىنى ياكى پۇلنىڭ يېرىمىنى بېرىپ ئاندىن ئۇ نەرسىنى ئالىمەن دېسە، دۇرۇس بولمايدۇ، ئالىدىغان بولسا، مالنى ياكى پۇلنى تولۇق بېرىپ، ئاندىن ئالىدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

526. مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا قۇرئاننى گۆرۈگە قويسا بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

527. ئالتۇن ــ كۈمۈش پۇللارنى قەرز ئېلىش ياكى شۇ پۇللارنىڭ باراۋىرىگە نەرسە قەرز ئېلىش، خۇددى قەرز ئېلىش ئىشىدەك دۇرۇس بولىدۇ، نېسىگە مال سېتىۋالغان بولىدۇ، لېكىن، جازانىدىن كىشىلەرنى ئالداشتىن ساختىلىق قىلىپ، قاختى ــ سوختى قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

528. ئەگەر بىرسى پۇل ــ مال چىقىرىپ، يەنە بىرسى كۈچ، ئىقتىدار، كەسپى قابىلىيەت چىقىرىپ شېرىك بولغان بولسا، كۈچ چىقارغۇچى، پۇل، مال ئىگىسىگە پايدىنىڭ يېرىمى ياكى $\frac{1}{3}$ نى مېنىڭ بولىدۇ دەپ شەرت قويسا ياكى ئىككىسى مەسلىھەت بىلەن كېڭىشىپ پايدىنى شۇ بويىچە رازى بولۇشۇپ ئۈلۈشسە دۇرۇس بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، بۇ مۇزارىبەت دېيىلىدۇ.

529. يۇقىرقى بىرسى كۆچ بىرسى پۇل چىقىرىپ شېرىك بولغانلارنىڭ بىرەرسى، شەرىت قىلغان قەرىزنى، شەرىتنى، باتىل قىلىۋېتىشكە، يەنى ئۆز نەپسى ئۆچۈن چوغ تارتىشنى مەلۇم مىقداردا پۇلنى مېنىڭ قىلىۋېلىشنى، باتىل دىگەنگە ئىتتىپاقتا كەلگەن.

530. ئەگەر پۇل چىقارغۇچى پۇلنى بىرسىگە بەرسە، ئاندىن بۇلار ئىختىلاپ جىدەل قىلىپ قالسا، كۆچ چىقارغۇچى ئامىل 2000 دەرھەمنى ئەكەلسە، پۇل چىقارغۇچى ئەسلى مال، دەسمى 1000 دەرھەم ئىدى، بۇ بەك ئاز دېسە، كۆچ ئىقتىدار چىقارغۇچى شۇنداق پۇل ئەسلى 1000 دەرھەم ئىدى، پايدىنى قوشۇپ ئاران 2000 دەرھەم بولدى دېسە، شۇنىڭ بىلەن قەسەم قىلالىسا، پۇل چىقارغۇچى ھۆججەت، دەلىل — ئىسپات قويالمىسا، سۆز، كۆچ چىقارغۇچى ئامىل ئىشچىنىڭ بولىدۇ، شۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىدۇ، ئاندىن پايدىنى يەنى 1000 دەرھەمنى شۇلار دىيىشكەن بويىچە ئۆلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

531. بۇ ئىككىسىنىڭ پايدىسى ئەسلى دەسمايە قىلىنغان پۇلنى پۇل ئىگىسى ئالغاندىن كېيىن، ئاشۇ ئىككىسى دىيىشكەن، رازى بولۇشقان، مەسلىھەت بويىچە ئۆلەشتۈرۈلۈپ تەقسىم قىلىنىدۇ، دەپ ئىجمائقا كەلدى.

532. پۇل، مال ئىگىسى، كۆچ چىقىرىپ شېرىك بولغۇچىنى، سەن نىسى ساتما، ھەرگىز نىسى ساتما! دەپ شەرىت قويسا، ئاندىن ئۇ ئامىل، ئىشچى نىسى ساتسا، گەپ ئاڭلىمىسا بۇ نىسىنى ئۆزى تۆلەيدۇ،

پۇل ئىگىسىگە پايدىنى ئۆلەشكەندە نىسىنىڭ ئورنىغا نەخ پۇلنى بېرىۋېتىپ ئاندىن نىسىنى ئۆزى ساتقاندىكىن ئۆزى يىغىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

533. كۆچ چىقارغۇچى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى بايان قىلىپ، مال، پۇل ئىگىسىنى ياردەم قىلىشقا شەرىت قويسا، پۇل ئىگىسىمۇ رازى بولۇپ ياردەم بەرسە، قارىشىپ بەرسە دۇرۇس بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

## هاۋالە قىلىش ۋە كېپىل بولۇش توغرىسىدا

534. قەرز ئالغۇچىنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇش مۇددىتى، ئۇ ئۆلۈشى بىلەنلا توشۇپ قالمايدۇ. بەلكى، هايات چاغدا دىيىشكەن مۇددەت هېساب بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

535. ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ قەرزىنى ئۆز ئۈستىگە ئالسا، ياكى مەلۇم مال، پۇلغا كېپىل بولسا، مانا مېنىڭ ئۈستۈمدە قالدى، مېنى ئىزدە دېسە، ئىگە بولۇش كېپىل بولۇش، ۋەدىدە تۇرۇش بۇ ئەرگە لازىم كېلىدۇ. پۇل، مال ئىگىسىمۇ دەل شۇ كىشىنى ئىزدەيدۇ، شۇ كىشىدىن ئالىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. كېپىللىك دۇرۇس، بۇ خىل چارىنى هەرقايىسى دۆلەتلەرمۇ قوللاندى.

## تىجارەت قىلىشدىن، پۇل ـ ماللىرىنى سەرىپ قىلىشدىن چەكلەش توغرىسىدا

(بۇ هىجىر دىيىلىدۇ)

536. يېتىمنىڭ مېلى ئۆنىڭغا، ئۇ بالىغ بولسا، تويى قىلغۇدەك بالاغەتكە يەتسە، ئىشلىرىنى ئۆزى ئىجرا قىلغۇدەك ئەقىل ــ پاراسەت تېپىلسا، ئاندىن بېرىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، مانا بۇ،ۋاقىتلىق چەكلەپ توسۇپ تۇرۇشتۇر.

537. مەيلى كىچىك بولسۇن، مەيلى چوڭ بولسۇن، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال بولسۇن، مال ــ مۈلۈكنى زايا قىلغۇچىنى بۇزۇپ ــ چاچقۇچىنى ھالاك قىلغۇچىنى قەتئىي چەكلەش لازىم. ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ، سەرىپ ئېتىشدىن مەنئى قىلىش لازىم دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى. لېكىن، نۇئمان زۇبەير رەھمەھۇللالار ئەرلەر قاتارىدا بالاغەتكە يەتكەن ھۆرنى چەكلەشكە، مەنئى قىلىشقا بولمايدۇ دىدى.

538. ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان، مەنئى قىلىنغان، مەھجۇر كىشى، ئۆز زىيىنىغا مەلۇم مال، پۇلغا ئىقرار قىلسا بۇ دۇرۇس دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

539. قەرز بار كىشى بەرگىلى ئۇنىمسا، سولاپ قويۇلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى. لېكىن، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز دېگەن خەلىپە سولاپ قويمايمىز، مال ــ مۈلكىنى قەرز ئىگىسگە تەقسىم قىلىپ، ئېلىشنى ئېلىپ بېرىمىز دېگەن.

540. پۇل مېلى تۈگىگەن ئىپلاس كىشىنىڭ ئىپلاس بولغان كۈنلا يەنى پۇل ــ مېلى تۈگەپ بۇ كىشى ئىپلاس بولدى! دەپ ئىلان قىلىنغان كۈنلا قەرزنى بېرىش مۇددىتى توشمايدۇ، بەلكى شۇ قەرزنى قايتۇرۇشنى دېيىشكەن مۇددەت توشسا، ئاندىن توشىدۇ دېگەنگە

ئىجمائىقا كەلدى. پەقەت پۇل ـــ مېلى تۆگەپ قەرىزگە بوغۇلغان كىشى ئىپلاس دېيىلىدۇ.

## زىرائەت ۋە يەر سۇغۇرۇش توغرىسىدا ئىجمائىقا كېلىنگەن مەسىلىلەر

541. زىمىننى يەنى تېرىلغۇ يەرنى ئالتۇن ـــ كۈمۈش، پۇل، ماللارغا ئىجارە بېرىش دۇرۇس دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، تائۇس، ھەسەن بەسەرى رەھمەھۇللالار مەكرۇھ دېگەن. چۈنكى، ئاپەتتەك ھەرخىل سەۋەبلەرمۇ مەۋجۇدتۇر.

542. سۇغۇرۇلىدىغان، باشقۇرۇلىدىغان خورمىلىق باغنى ئىش ئەمگەكنى سەن قىل، كىرىمنىڭ يېرىمى ياكى $\frac{1}{3}$ ياكى $\frac{1}{4}$ سىنىڭ بولسۇن دېسە، دۇرۇس دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، نۇئمان دۇرۇس ئەمەس دەپ ئايرىلدى، سەۋەب بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ساختىلىق بولمىسا، ئالداش، قاختى ـــ سوقتى بولمىسا زۇلۇم، ناھەق ئىش بولمىسا دۇرۇس.

## ئۆلجىغا چۈشكەن دېدەك، چۆرە توغرىسىدا

543. ئۆلجىدىن تەقسىم قىلىنغان دېدەك، چۆرە ھامىلدار بولسا، تۇغۇپ، نىپاسلىقدىن قوپقانغا قەدەر ئىگە بولغۇچى جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشدىن چەكلىنىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، بۇ ئىددەتكە ئوخشاپ كېتىدىكەن.

544. بالىنى تۇغۇپ بولسا ياكى بالا چۈشۈپ كەتسە، ياكى بۇ دېدەك، چۆرە بىرەر ھەيز كۆرسە، ئاندىن دۇرۇس دېگەنگە ئىجمائىقا

كەلدى.

545. دۇشمەن زېمىنىدا دىنىسىز ئېرى بار بىر ئايال مۇسۇلمان ئەرنىڭ قولىغا دېدەك، چۆرە، قۇل ھېسابىدا چۈشسە، ئۇلجىدا تەقسىم قىلىنسا، ئۇ ئايالنىڭ ئېرى بىلەن بولغان نىكاھى بۇزۇلىدۇ،بۇ ئەرگە رەھىمنى پاكلىغاندىن كېيىن بىرەر ھەيزدىن كېيىن ھالال بولىدۇ، جىنسى مۇناسىۋەت قىلالايدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. خۇددى سودىدا كالا، ماللارنىڭ مۇشۇنچىلىكلا سېتىۋالىسەن دەپ چەك، سانلىق مەلۇمات توختۇتۇپ بەرگىلى بولمىغاندەك، دېدەك، چۆرىلەرنى قانچىلىك سېتىۋالسا، ئالسا بولىدۇ، ئۇنىڭ سانى تۆتتە توختاپ قالمايدۇ.

مەيلى ھۆر ئايال بولسۇن ياكى دېدەك ئايال بولسۇن، نىكاھلاپ ئېلىشىدا، توي قىلىشىدا پەقەت تۆتتە چەكلىنىدۇ، ئېشىپ كەتمەيدۇ. لېكىن، ئىگە بولغان ئۇلجىدا، ئالغان، سېتىۋالغان دېدەك، چۆرىلەر تۆتتە توختاپ قالمايدۇ، 400 بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى، چۈنكى، ئۇنى ساتىدۇ، يەنە ئالىدۇ شۇنداقلا بۇ ئۇلجىدا چۈشكەن دېدەك چۆرىلەر دىنسىز، كاپىر ئايال بولسىمۇ يەنىلا دېدەك، چۆرە بولۇپ، مۇناسىۋەت ھالال بولىدۇ، ئۇ دىگەن ئۇلجا.

## ئىجارە توغرىسىدا

546. ئىجارە ئېلىش، ئىجارە بېرىش، قۇرئان ھەدىستە سابىتتۇر، دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

547. ئەگەر بىر كىشى بىرسىدىن مەلۇم ھويلىنى، ئۆيىنى ئامبارنى، داچىنى ئىجارە ئالسا، ۋاختى، ئەجرى، ھەققى مەلۇم بولسا، گۇۋاھچى قويۇپ، مەكتۇپ ھۆججەت يېزىپ قىلسا، دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

548. ئەگەر بىرسى بىر ھايۋانغا بىر ئىككى تاغار بۇغداي، قوناق ئارتىشنى شەرت قىلىپ، ئىجارە ئالسا، ھايۋان ئىگىسى قوشۇلۇپ رازى بولسا، ئاندىن بۇ ھايۋان يولدا كېتىۋېتىپ، ھالاك بولسا، ياكى بىرەر ئەزاسى چىقىپ سۇنۇپ كەتسە، ئىجارە ئالغۇچى تۆلىمەيدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. ئەنە شۇنىڭدەك كىرا ماشىنىلىرى بۇزۇلسا، ئۆرۈلسە، شوپۇر ئۇستامغا بولىدۇ، يەنى ماشىنا ئىگىسىگە بولىدۇ، ئۇستىگە مال باسقۇچى تۆلىمەيدۇ.

مال باسقۇچى بىلەن شوپۇر ئۇستام، مالنى ساق ئاپىرىشقا،مالغا كېپىل بولۇشقا شەرتلەشسە، شۇپۇر،چوقۇم ۋەدىسىدە تۇرۇشى كېرەك يەنى تۆلەپ بېرىدۇ.

549. بالا ئىمىتكۈچى ئايالنى بالا باققۇچى ئايالنى ئىجارە ئالسا، يەنى ھەق بېرىپ شۇنداق قىلدۇرسا دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

550. لېكىن، بالا باققۇچى، بالا ئىمىتكۈچى ئايالنىڭ تامىقى، كىيىم ــ كېچەكى، خىراجىتى، ئىجارە ئالغۇچىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

551. لېكىن، يەنىلا شەرتلەشسە، تاماق، كىيىم ــ كېچەك

بىرىشنى، ئىجارە ھەققىدىن باشقا خىراجەت، نەپىقە، پۇل بىرىشكە دىيىشسە دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. لېكىن، بالا باققۇزغۇچى ئەر، كىچىك قىزلارنى بۇزۇشىدىن، ناشايان ئىشلارنى قىلىشىدىن ساقلىنىشى لازىم، چۈنكى، ئۇ رىجىم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

552. ئەر كىشى ئۆزىنىڭ ئانىسىنى يا قىزىنى يا ئاچا ــ سىڭلىسىنى يا ھامىلىرىنى بالىسىنى ئىمىتىشكە ئىجارە ئالسا بولىدۇ، يەنى ھەق بىرىپ ئىمىتكۈزسە بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

553. جاي، مەنزىللەرنى، ھايۋانلارنى ئىجارە ئالسا، ۋاختىنى، مۇددىتىنى ئىجارە ھەققىنى ئوچۇق بايان قىلسا، مەنزىلدە نىمە قىلىشنى قانداق كىشىلەرنىڭ تۇرۇشىنى، نىمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشنى، ھايۋانغا بولسا نىمە نەرسىلەرنى ئارتىشنى ئوچۇق دىيىشسە، ئۆزئارا بىلىشسە، سۈيقەست بولمىسا دۇرۇس بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

554. كىيىم ــ كېچەكلەرنى، بىساتلارنى ئىجارە ئېلىش دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. لېكىن، توي قىلغاندا يات دىندىكىلەرنىڭ كىيىم ــ كېچەكلىرىنى، كۆڭلەكلىرىنى ئىجارە ئېلىپ، ناساراالارغا ئوخشاش قىلمىشىدىن ساقلىنىڭ، بۇ بىدئەتتۇر.

555. ئىشچى ئەرنى كۈندۈزى مەلۇم ۋاقىتقىچە مەلۇم ئىش ھەققىگە ئىجارە ئېلىش، ئىشقا سېلىش، يەنە بالدۇر رۇخسەت بىرىشلەر دۇرۇس دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

556. چىدىرلارنى، نەرسە ـ كىرەك كۆتىرىدىغان نەرسىلەرنى

ئىجارە ئېلىش دۇرۇس، لېكىن شەرتى ساق ــ سالامەت تاپشۇرۇپ بېرىشتۇر دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

557. بىرەرسى ئۆلسە، مۇسىبەت يەتكەن، ئۆلۈم بولغان ئۆيدە يىغلاشقا، قوشاق قوشۇشقا، بىرەرسىنى ئىجارە ئېلىش باتىل، هارام ئىشتۇر دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

558. ناخشىچى ئايالنى نەغمە ــ ناۋاچىلارنى توي ــ تۆكۈندە ئىجارە ئېلىش، هەق بېرىپ نەغمە ــ ناۋا، ناخشا ــ مۇزىكا قىلدۇرۇش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس، باتىل دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

يەنىلا ئۇنتۇپ قالماڭ، ئىجمائىقا كەلگەنلەر ساھابىلار، تابىئىنلار، ئىلىم ئەهلى، مۇجتەهىدلەر، بۇ ئىجمائىنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىر بولىدۇ. هېچبىر كىشىنىڭ خىلاپلىق قىلىشىمۇ دۇرۇس ئەمەس، يۇقىرقىلار ئىجمائىقا كەلگەن ئىشنى بىرەرسى ئۇقماستىن ياكى خاتا پەتىۋاغا ئەگىشىپ بۇزسا، خىلاپلىق قىلسا، خەلقنى ئازدۇرسا، ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن بو لىدۇ، ئىسلام دۆلىتىدە خەلىپە تۈرمىلىرىدە بۇنداق قىلغان كىشى تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. مەن نۇرغۇن بىدئەتچى، پاسىق موللامىلارنىڭ ئىجمائىقا قارشى پەتىۋا بېرىپ، خاتا، باتىل هۆكۈم چىقارغىنىنى كۆردۈم، سىز هەزەر قىلىڭ!

## ئامانەت توغرىسىدا ئىجمائ

559. ئامانەت ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئامانەت پۇلنى ساقلىغۇچى كىشى تىجارەت قىلىپ، پايدا ئالغان بولسا، بۇ پايدا ئۆزىدە

قالىدۇ، ئامانەت قويغۇچىغا پايدىدىن بەرسە ياكى ئۇ داۋا قىلىپ ئالسا، بۇ جازانە بولۇپ، هارام بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

560 . ئامانەتنى ئالغۇچى كىشى مەهكەم ساقلىشى، هەزىر قىلىشى لازىم دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

561 . ئامانەتنى ساقلىغۇچى، ئامانەت قويۇلغان نەرسە، هالاك بولدى دېسە، سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ، لېكىن، نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ، ئۆز بوينىغا ئالىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ، ئەنەس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇلار شۇنداق هۆكۈم قىلغاندۇر.

562 . ئامانەتنى ساقلىغۇچى ياخشى ساقلىسا، ئۆزى مەخسۇس هېزى بولسا، ساندۇقتا ياكى ئۆيدە ساقلىسا، يەنىلا ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇ نەرسە هالاك بولۇپ تۆگەشسە بۇ چاغدا تۆلەپ بەرمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ نەرسە هالاك بولۇپ تۆگىشىدىغان نەرسىدۇر دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

563 . ئامانەت قويۇلغان نەرسە، كۈمۈش پۇل بولسا، بۇ پۇللارنى يەر ئاستىدا ساقلىغان بولسا، ئازىراق توپا ئارىلىشىپ كەتكەن بولسا، هېچ گەپ يوق، ساقلىغۇچى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

564 . ئامانەتنى ياخشى قوغداپ، ساقلىغۇچى ئۇ نەرسە زايا بولۇپ كەتتى دېسە، قەسەم قىلدۇرۇلۇپ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. لېكىن، نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ئۇ نەرسە ئۆزى زايا

بولۇپ كەتسە تۆلىمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىگىسىنىڭ قولىدىمۇ زايا بولۇپ كېتەتتى.

565. ئامانەت ھالاك بولدى، زايا بولۇپ كەتتى دىگەندىن كېيىن باشقا بىرسىنىڭ قولىدا تېپىلىپ قالسا، ئىگىسى قايتۇرۇۋېلىشقا ھەقلىقدۇر، ئۆز ئەينى شۇ بولسا، چوقۇم قايتۇرۇش ۋاجىپ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ئۇ ئالغان پۇلمۇئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ.

566. ئامانەتنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشدىن چەكلىنىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ئىستېمال قىلسا بولمايدۇ.

567. لېكىن، ئامانەت ئىگىسى رۇخسەت قىلسا، شۇ كىشىنىڭ ئىزنى بىلەن پايدىلانسا، تىجارەت قىلىپ پايدا ئالسا بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

چۈشۈپ قالغان، تېپىۋېلىنغان نەرسە توغرىسىدا ئاپتور ئىبنى مۇنزىر رەھمەھۇللا ئىجمائقا كېلىنگەن مەسىلە تاپالمىدىم دىگەن. لېكىن، ئايەت، ھەدىسنىڭ دەلىلى بىلەن كىم بىرەر نەرسە تېپىۋالسا، دەرھال ئىگىسىگە قايتۇرۇشى لازىم، تاپالمىسا، كۈتۈپ تۇرۇشى، ساقلاپ تۇرۇشى سۈرۈشتە قىلىشى لازىم. ئەگەر بىرەر ئىلاننى كۆرسە يا ئاڭلىسا دەرھال ئالاقىلىشىپ، ئىگىسىگە قايتۇرۇشى، نەرسىنى تونۇتۇشى لازىم، لېكىن، باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ھەزەر قىلىش لازىم، بولۇپمۇ پۇل. نەرسە ئىگىسى دىنسىز بولسىمۇ قايتۇرۇلۇڭ، پەقەت ئىگىسى چىقمىسا، كۆپچىلىكنىڭ ئاۋام خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە يول، كۆۋرۈكلەرگە

ئىشلىتىشۈپتىك، سەرىپ قىلىنىڭ.

## ئارىيەت ئېلىش توغرىسىدا

568. نەرسىنى ئارىيەت ئالغۇچى ئۇ نەرسىگە ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ، ئىگىلىك ھوقۇقى بولمايدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

569. ئارىيەت ئالغان نەرسىنى ئىستېمال قىلسا، ئىشلەتسە بو لىدۇ. چۈنكى، بەرگۈچى ئۇنى بىلىپ، رازى بولۇپ بېرىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. ئەگەر ئۇ نەرسە ئاشلىقتەك يىسە تۈگەپ كېتىدىغان نەرسە بولسا، ئورنىغا ئوخششىنى بېرىدۇ.

570. ئارىيەت ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى ھالاك قىلىۋەتسە، بۇزىۋەتسە، يوقىتىپ قويسا، تۆلەپ بېرىدۇ، ئوڭشاپ بېرىدۇ، دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. خۇددى ئاشلىقنىڭ ئورنىغا بەرگەندەك.

## تېپىۋېلىنغان ئىنسان توغرىسىدا

571. تېپىۋېلىنغان ئىنسان، كىچىك بالا ھۆردۇر، تېپىۋالغۇچى قۇل قىلالمايدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

572. مۇسۇلمانلار شەھرىدە تېپىلغان كىچىك بالا ئۆلسە، ياكى ئۆلۈك ھالدا تېپىلسا، ئۇنى يۇيۇش مۇسۇلمانلار قەبرىسگە دەپنە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، بۇنى خەلق قىلىشى لازىم دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

573. كىچىك بالىنى تېپىۋالغۇچىنىڭ ئۈستىگە شۇ بالىنىڭ نەپىقىسى، خىراجىتى، تامىقى، كىيىم — كېچىكى خۇددى ئۆز

باللىرىنىڭ ۋاجىپ بولغانىدەك ۋاجىپ بولىدۇ. لېكىن شەرت، قادىر بولۇش. دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

574. ئەگەر ئادىل، تەقۋا، ئىشەنچلىك بىر كىشى مەن بۇ بالىنى تېپىۋالدىم دېسە، ياكى بۇ كىشى تېپىۋالدى دېسە، سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ، گۇۋاھلىقى گەرچە بىرلا كىشى بولسىمۇ دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

575. ئەگەر بىر ئايال تېپىۋالغان بالىنى بۇ مېنىڭ بالام دېسە، سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ھۆججەت، دەلىل ـ ئىسپات، گۇۋاھچى كەلتۈرسۇن دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. بولۇپمۇ، ھازىر نۇرغۇن ئاياللار مېنىڭ بالام، ئىنىم دەپ باللارنى ئوغۇرلىققا سېلىۋاتىدۇ.

576. تېپىۋېلىنغان بالا بىلەن بىللە مال ـ مۈلۈك، پۇل بولسا، ئۇ نەرسىلەر شۇ بالىنىڭ بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، ئەگەر ئۇ بالا ئۆلۈپ كەتسە، بۇ پۇل ـ ماللارنى تېپىۋالغان نەرسە قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ تېپىۋېلىنغان.

## قۇللار توغرىسىدا

577. ئەگەر بىر خوجايىن قاچقان قۇلنى ئازاد قىلىۋەتسە، بۇ قۇل ئازاد بولۇپ كېتىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. لېكىن، كاپارەت جازالاردا بۇنداق قاچقان قۇلنى ئازاد قىلسا دۇرۇس ئەمەس.

578. مەلۇم مىقداردا پۇل ـ مالنى بەرسە ئازاد بولۇپ كېتىدىغان، مۇكاتەپ قۇل، ھۆر ئايال بىلەن توي قىلىپ، ئارىلىقدا بولغان بال، قۇل

بولماستىن ھۆرئەركىن بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

579. ئەگەر يۇقىرقى مۇكاتەپ قۇلنىڭ ئايالى باشقا بىرسىنىڭ قۇلى، دېدېكى بولسا، بۇ چاغدا تۇغۇلغان بالا شۇ دېدەكنىڭ، خوجايىنغا يەنە قۇل بولۇپ تۇغۇلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

580. ئەگەر بىر ئەر، قۇلىنى مۇكاتەپ قىلىپ يەنى مەلۇم پۇلغا ياكى جىنىڭ، كەمچەن سان، ۋەزنە ئارقىلىق بىلگىلى بولىدىغان نەرسىگە ئاستا ئاستا بۆلۈپ بېرىشكە، دېيىشسە، بېرىدىغان ۋاختىنى مەلۇم قىلىپ، خەت يېزىپ بەرسە، دۇرۇس بولىدۇ، شەرتىلەر توشسا بۇ قۇل ئازاد بولىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.مۇكاتەب دېگەن شۇ.

581. مۇكاتەپ قۇل نەرسە _ كېرەك سېتىۋاللايدۇ ۋە ساتالايدۇ، ئالالايدۇ، بىرەلەيدۇ، سەدىقە ئېھسان قىلالايدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى. چۈنكى، ئۇ خەتتىكى پۇلنى بەرسىلا ئازات بولىدۇ، ئۇ خۇددى قەرىزى بار كىشىگە ئوخشاشتۇر.

582. ئۇ ئۆزىگە، ئائىلىسىگە زۆرۈر بولغان نەپىقە خىراجەتنى قىلالايدۇ دەپمۇ ئىجمائقا كەلدى.

583. ئەگەر بىر قۇل خوجايىنىنىڭ ئىزنىسىز، رۇخسىتىسىز نىكاھلانسا، توي قىلسا، ئۇنىڭ نىكاھى باتىل دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

584. مۇكاتەپ قۇل خەتتە بەلگىلەنگەن پۇللارنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بۆلۈپ بەرسە ئازاد بولۇپ ھۆر ئىنسانغا ئايلىنىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

585. مۇكاتەپ قۇلنىڭ پۇل، مالنى بۆلۈپ بېرىدىغان ۋاختى توشۇپ قالسا، لېكىن ئۇ تېخى ئادا قىلالمىسا، خوجايىن تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالمىسا، بۇرۇنقى ئەقدە بويىچە كىتاب، خەت بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ، يەنىلا پۇلنى بەرسە ئازاد بولىدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

586. خىرىستىئان دىنىدىكى بىر ناسارا، قۇلنى مۇكاتەپ قىلىپ، خەت يېزىپ بەرسە، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكىدەك شەرتلەر بىلەن دۇرۇس بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

587. ئەگەر خوجايىن قۇلغا سەن پالانى ئايدا مەلۇم مىقداردا پۇلنى بەرسەڭ ئازاد، ھۆر دېسە، بۆلۈپ بېرىشكە قوشۇلسا، شەرت بويىچە بۇ قۇل، شۇ پۇلنى، شۇ ۋاقىتتا بەرگەن ھامان ئازاد بولۇپ كېتىدۇ، دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

588. ئەگەر بىر خوجايىن قۇلغا سەن مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئازاد بولىسەن دېسە، ياكى دېدەك، چۆرىگە شۇنداق دېسە، بۇ سۆزدىن يانماي ئۆلۈپ كەتسە، بۇ قۇللار ئۇ خوجايىننىڭ مېلىنىڭ $\frac{1}{3}$ دىن چىقىرىلىدۇ، يەنى ۋەسىيەت قىلىنىدىغان ھوقۇقىدىن چىقىرىلىدۇ، شۇ قۇلنىڭ قىممىتى مالنىڭ $\frac{1}{3}$ گە تەڭ ياكى ئاز بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىيىتنىڭ يەنى خوجايىننىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندىلىپ قەرزى تۆلىنىپ بولۇپ، ئاندىن ھېسابلىنىدۇ، خوجايىن بالاغەتكە يەتكەن كىشى بولسا، بۇ قۇللار ئازاد بولىدۇ، ئۆلۈش شەرتى توشتى دە! دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

589. ئەگەر خوجايىن قۇلغا مەن مۇشۇ كېسىلىمدە ياكى مۇشۇ

يىلى ئۆلسەم سەن ئازاد دېسە، ئۇ چاغدا بۇ قۇل مۇدەببەر ئۆلگەندىن كېيىن ئازاد بولىدىغان قۇل بولماستىن بەلكى شۇ شەرت توشسىلا ئازاد بولىدىغان قۇل بولىدۇ. مۇتلەق مەن ئۆلسەم سەن ئازاد دېسە، ئاندىن قۇل مۇدەببەر بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. بىرەر سۈپەت ياكى شەرت قەيت قىلىنماسلىقى كېرەك.

590. ئەگەر يۇقىرقى ئاالاقىدار شەرتلىك سۆزنى قىلسا، ئاندىن شۇ كېسەلدە شۇ يىلى ئۆلۈپ كەتسە، بۇ قۇل راستىنلا ئازاد بولۇپ كېتىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى. چۈنكى، شەرت توشتى، ئازاد بولسىمۇ مالنىڭ $\frac{1}{3}$ دىن بولىدۇ.

591. ئۆلگەندىن كېيىن ئازاد بولىدىغان قۇل، ۋەسىيەت قىلىنغان نەرسگە ئوخشاش بولۇپ، خوجايىنىنىڭ مېلىنىڭ $\frac{1}{3}$ دىن بولىدۇ. مۇشۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلگەن بولسىمۇ، مەسرۇق، ئىبنى جۇبەيىر رەھمەھۇللالار بارلىق مالدىن چىقىرىلىدۇ، $\frac{1}{3}$ گە كىرمەيدۇ. قىممىتى $\frac{1}{3}$ گە يەتمىسىمۇ يەنىلا ئۆلسە، ئازاد بولىدۇ دىگەن.

592. ئەگەر بىرسى قۇلىنى سەن مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئازاد دېسە، بۇ قۇل شۇ خوجايىن ئۆلگەندىن كېيىن ئاندىن ئازاد بولىدۇ. بولمىسا، ئازاد ئەمەس. ھەتتا خوجايىن يۇقاپ كەتسىمۇ ئازاد بولمايدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

593. ئەگەر بىر ئەر، ئانىسىنى سەن مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئازاد دېسە بولىدۇ. يەنىلا ھەدىس بويىچە ئازاد قىلىغان بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. لېكىن، زۇھەيرى بۇ دۇرۇس ئەمەس، ئانىسى ئۇ ئازاد

قىلسۇن، قىلمىسۇن مۇتلەق ئازاد بولۇپ كېتىدۇ مانا بۇ ھەدىسكە ئۇيغۇن دىدى.

594. ئەگەر بىر ئەر، بىر قىزچاقنى سېتىۋالسا، ئاندىن جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا ۋە بالا تۇغسا، بۇ قىزچاقنىڭ كۆپىنچە ئىشلىرىدىكى ھۆكۈملىرى دېدەك، چۆرىنىڭ ھۆكۈملىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

595. ئەگەر تۇغساڭ سەن ئازاد دىيىلگەن ئۇممە ۋەلەد قۇلنىڭ ئۆز خوجايىنىدىن بولغان  بالىسى، ئازاد، ھۆر ئىنسان بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

596. بۇ دىدەك، قۇل ئايالنىڭ بالىلىرى ئازاد بولغاچقا ئۆز ئانىسىغا خوجايىن بولالايدۇ. چۈنكى، ئايالنىڭ ئورنى، مەرتىۋىسى شۇنچىلىك دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

597. ئەگەر بىرسى دېدەك، قۇلنى كېسەل چېغىدا ئازاد قىلسا، ئۇنىڭ مېلى بولسۇن ياكى بولمىسۇن سەن تۇغساڭ ئازاد، ھۆر دىگەندىكىن، تۇغسىلا ئازاد، ھۆر بولىدۇ. مېلىنىڭ $\frac{1}{3}$ دىن چىقىرىلمايدۇ، مۇتلەق تۇغسىلا ئازاد بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

## ھەدىيە، سوۋغا ـ سالاملار توغرىسىدا

598. ئەگەر بىر ئەر يەنە بىر كىشىگە ئۆينى ياكى زىمىننى ياكى

بىرەر قۇلنى ھىبە قىلىپ، سوۋغا قىلىپ بېرىۋەتسە دۇرۇس، ئۇ كىشى ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئالسا بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

599. ئەگەر بىرەر ھايۋاننى سوۋغا قىلىپ بېرىۋەتسە، بېرىلگۈچى تاپشۇرۇپ ئالسا دۇرۇس دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

600. ئەگەر بىرسى ئۆيىنى ياكى ھايۋىنىنى مۇئەييەن كۆرسىتىپ كىچىك بالىسىغا بېرىۋەتسە، گۇۋاھچى كەلتۈرسە بالىسى ئۈچۈن يەنە ئۆزى قوبۇل قىلىپ، ئېلىپ قويسا، بۇ خىل سوۋغا، ئېھسان دۇرۇس بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى. چۈنكى، ئۇنى ھامىنى بېرىدۇ ـ دە!

601. ئەگەر بىرسى، سوۋغا، ئېھسان قىلىپ، بىرسىنىڭ قەرزىنى تۆلىگىتىپ قويسا، دۇرۇس دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى. قەرزىنى تۆلىسە، ئۇنىملۈك ئېھسان، سەدىقە قىلغان بولىۋېرىدۇ.

602. قەرىزدىن ئۆتىۋەتسىمۇ شۇنداق، ئۆلۈپ كېتىدىغان كېسەل ۋاختىدىكى سوۋغا ـ سالام، ھەدىيىلەرنىڭ ھۆكمى، ۋەسىيەت قىلىنغان مالنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. مالنىڭ $\frac{1}{3}$ دىن چىقىرىلىدۇ، ئېشىپ كەتمەيدۇ، گەرچە ئۇ ھەدىيىنى قولغا ئېلىپ بولسىمۇ شۇنداق دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

603. ئەگەر مۇسۇلمان كىشى، زىممى دىنىسىزغا يەنى ئىسلام دۆلىتىدە ئەمىنلىك تىلەپ ئولتۇرغان كىشىگە ھەدىيە، سوۋغا بەرسە ياكى ئۇ مۇسۇلمانغا بەرسە، نەرسە مەلۇم مۇئەييەن دۇرۇس بولىدىغان نەرسە بولسا دۇرۇس دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

## قەسەم ۋە ۋەدىلەر توغرىسىدا

604. كىم، ۋەللاھى، بىللاھى، تەللاھى(يەنى **الله** بىلەن قەسەمكى) دەپ قەسەم قىلىپ ئاندىن قەسەمگە ۋاپا قىلماي بۇزىۋەتسە، كاپارەت بېرىشى كېرەك دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

605. يۇقىرقى لەۋزىلەردىن باشقا، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرەرسى بىلەن يەنى 99 ئىسىم ـ سۈپىتىنىڭ بىرەرسى بىلەن قەسەم قىلىپ بۇزىۋەتسىمۇ يەنىلا كاپارەت بېرىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

606. ئەگەر بىر كىشى مەلۇم بىرئىشنى قىلماسلىققا تالاق بىلەن قەسەم قىلسا، يەنى مۇشۇ ئىشنى قىلىدىغان بولسام ئايالىم تالاق دېسە، ئاندىن شۇ ئىشنى قىلسا، ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

607. كىم، بىرەر ئىشقا قەستەن يالغانچىلىق قىلىپ، قەسەم قىلغان بولسا، كاپارەت بەرمەيدۇ، گۇناھكار بولىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلگەن بولسىمۇ ئىمام شافىئى رەھمەھۇللا، كاپارەت بېرىدۇ، يالغان قەسەم، قەسەم قىلىپ بۇزغانغا ئوخشاش دېگەندۇر.

608. قەسەمنىڭ كاپارىتى قۇرئاندا تائام بېرىش، كىيىم ئېتىپ بېرىش، قۇل ئازاد قىلىش قاتارلىق ئۈچ ئىش كۆرسىتىلگەن بولۇپ، قەسەمنى بۇزىۋەتكۈچى خالىسا تائام بېرىدۇ، يەنى 10 كىشىگە بىر ۋاخ ئوتتۇرىھال تائام بېرىدۇ، خالىسا بۇ ئون كىشىگە كىيىم ـ كېچەك ئېتىپ

بىرىدۇ. بۇ ئىشلارنى تاللاپ قىلالايدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

609. ئەگەر قەسەمنىڭ كاپارىتىگە قادىر بولالىسا بىر مۆئمىن قۇل ئازاد قىلسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

610. قەسەمنى بۇزۇۋېتىپ، كاپارەت بەرگۈچى، ئەگەر تائام، كىيىم ـ كېچەك، ئازاد قىلغۇدەك قۇلنى تاپالىسا، قادىر بولالىسا ھەرگىز روزا تۇتمايدۇ، ئەگەر قادىر بولالمىسا، تاپالمىسا ئاندىن ئۈچ كۈن روزا تۇتىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

611. ئەگەر بىر كىشى تائام يېمەسلىككە، شاراپ ئىچمەسلىككە قەسەم قىلسا، ئاندىن بۇ نەرسىلەردىن تېتىپ باقسا، لېكىن گېلىدىن ئۆتمىسە قەسىمى بۇزۇلمايدۇ. چۈنكى، يېيىش، ئىچىش گالدىن ئۆتسە ھېساب بولىدۇ، تېتىش باشقا مەسىلە.

612. ئەگەر بىر كىشى سۆز قىلماسلىققا قەسەم قىلسا، قانداق تىل بىلەن سۆز قىلسا قەسىمى بۇزۇلىدۇ. (مەسىلەن: ئەرەب، پارس، ئىنگلىز، خەنزۇ تىلىدەك) دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

613. ئەگەر بىر كىشى، ئاللاھ، ماڭا شىپالىق ئاتا قىلسا، ياكى مەن مۇشۇ سەپىرىمدىن سالامەت قايتىپ كەلسەم، ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش شەرتلەرنى قويۇپ، ئاندىن مەن مانچىلەك ناماز ئوقىيمەن ياكى روزا تۇتىمەن ياكى ھەدىيە، سەدىقە قىلىمەن دېسە، ئاندىن شۇ شەرت قويغان ئىشى، يۈز بەرسە، چوقۇم ۋەدىسىدە تۇرۇشى، ۋاپا قىلىشى لازىم دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

بۇ ئۆزى ئۆزىگە ۋەدە قىلغان نەزرە دەپ ئاتىلىدۇ، ۋاپا لازىم

كېلىدۇ.

## ئوغرىلىق ھۆكۈملىرى توغرىسىدا

614. ئەگەر بىر كىشى كىچىك بىر قۇلنى ئوغۇرلىسا، قولى بېغىشىدىن كېسىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

615.قولىنى كەسكۈدەك مىقداردا نەرسە ـ كېرەك ئوغۇرلىغان كىشىنىڭ قولىنى كېسىش ۋاجىپ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

616. ئەگەر بىر كىشى، چىدىردىن نەرسە ئوغۇرلىسىمۇ، ئۇ نەرسىنىڭ مىقدارى قول كېسىشكە توغرا كەلسە، قولى كېسىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

617. ئەگەر بىر كىشى بىرەر نەرسىنى ئارىيەت ئېلىپ، تېنىۋالسا، ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ تاندى ئوغۇرلىمىدى دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. لېكىن، ئىسھاق قولى كېسىلىدۇ دىدى.

618. يانچۇقچىنىڭ كۆز ئالدىدا كۆرسۈتۈپ تۇرۇپ پۇلنى ئېلىۋالغۇچىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلگەن بولسىمۇ، ئىياس ئىبنى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەن قولىنى كېسىۋېرىمەن دىگەن، بۇلاڭچى، قۇرئان ئايىتى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، خۇددى قاراقچىغا ئوخشاش پۇت ـ قولىنى كېسىش، دارغا ئېسىش، پالاشدەك.

619. خىيانەت قىلغان خائىنىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. لېكىن، خىيانەت مۇناپىقنىڭ خىسلىتى.

620. ئەگەر بىر ئوغرى بىر نەچچە قېتىم ئوغرىلىق قىلسا، ئەڭ

ئاخىرقى قېتىمدا تۇتۇلۇپ ھاكىم ئالدىغان كەلتۈرۈلسە، بىر قولىلا كېسىلىدۇ، شۇ كۇپايە بولىدۇ، دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، بارلىق ئوغرىلىقلىرىغا بىر قېتىم بىر قولى كېسىلىدۇ. ئەگەر، ئوغرىلىق قىلىپ قولى كېسىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئوغرىلىق قىلسا، پۇتى كېسىلىدۇ، ئاندىن ئۈچىنچى قېتىم ئوغرىلىق قىلسا، سول قولى كېسىلىدۇ، ئاندىن يەنە بىر پۇتى كېسىلىدۇ، بۇ ھەدىستە كۆرسىتىلگەن.

621. ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشدە ھۆر، ئادىل، تەقۋا ئىككى مۇسۇلمان گۇۋاھچى، گۇۋاھلىق بەرسە، قولى كېسىلىدىغان نەرسىنى سۈپەتلەپ بېرەلىسە، ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى ياكى ئوغرى ئۆز ئېتىراپ قىلسىمۇ كېسىلىدۇ.

622. ئەگەر ئىككى گۇۋاھچى، بىر ئوغرىغا گۇۋاھلىق بېرىپ، قولىنى كەستۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن يەنە بىر كىشىنى ئەكىلىپ، بىز بىرىنچى كىشىدە خاتا قىلىپتۇق، ئەسلى ھەقىقى ئوغرى ماۋۇ كىشى ئىكەن دېسە، بۇ گۇۋاھلىقى ئىككىنچى كىشىگە قارشى قوبۇل قىلىنمايدۇ، بىرىنچى كىشىگە دىيەت، خۇن پۇلى تۆلەيدۇ. يەنى 100 تۆگە بېرىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

623. ئەگەر قۇل خوجايىنىنىڭ نەرسىسىنى ئوغۇرلىۋالسا، ئۇ قۇلنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

624. ئوغرىنىڭ قولى كېسىلگەن بولسىمۇ، ئوغۇرلىغان پۇل ـــ ماللارنى ئىگىسىگە قايتۇرىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

625. ئەگەر بىر مۇسۇلمان ھاراقنى ئوغرىلىۋالغان بولسا، قولى كېسىلمەيدۇ، مەخسىدى ئۇنى يوق قىلىۋېتىشتە! دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

626. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھاراق ۋە مەس قىلغۇچى ئىچىملىك، ھارام دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، بۇ قۇرئان سەھىھ ھەدىس شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىجمائ قىلىندى.

627. شەرئەت تەكلىپ قىلغان پەرىزلەر، ۋاجىپلار، يۇقىرقىدەك ئەھكام ھۆكۈملەر، چوقۇم بالاغەتكە يەتكەن، مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە بولىدۇ، دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. مەسىلەن: ئىھتىلام بولۇش، ئەۋرەتىگە تۈك ئۈنۈشتەك، قىز بالا 9 ـ 12 ياش، ئوغۇل بالا 15 ياش دىگەندەك.

628. قىز بالا ھەيز كۆرسە، ئاياللار كېسىلى بولسا، شۇ كېسەلدىن پاك بولۇشى بىلەنلا ئەھكام ھۆكۈملەر ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولىدۇ، ئەر ــ ئايال ئىسلامدا، ئىسلام ھۆكۈملىرىدە باراۋەر دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

629. سۇلتانغا قارشى ئۇرۇشقا چىققۇچى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئەگەر ئۇ بىرەر ئىنساننىڭ قېرىندىشىنى ياكى دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، خۇن تەلەپ قىلغۇچى، داۋاگەر مەقتۇل ئىگىسى ئۇرۇش ۋاختىدا ئەپۇ قىلسا دۇرۇس ئەمەس، قاتىل ئۆلتۈرۈلىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

# ھەد جازا توغرىسىدا

630. زىنا ھارام دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، بۇ ئىجمائ قۇرئان، ھەدىسنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ، نۇر ئۈستىگە نۇر، ھۆججەت ئۈستىگە ھۆججەت، دەلىلدۇر.

631. توي قىلماي زىنا قىلغۇچى 100 قامچا يەيدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ھەدىستىمۇ شۇنداق.يۇرتتىن پالىۋېتىشمۇ بار.

632. نىكاھلىنىپ توي قىلىپ، جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ ئاندىن زىنا قىلغۇچى ئەر ــ ئايال رىجىم قىلىنىدۇ يەنى تاش ــ چالمىدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

توي قىلىپ ئاجرىشىپ كەتكەن، ئېرى ياكى ئايالى يېنىدا بولمىسىمۇ بۇ زىناخور رىجىم قىلىنىدۇ،بۇنىڭغا ھەدىس دەلىل.

633. نىكاھ ئوقۇلغانغىلا توي قىلغان ھېسابلانمايدۇ، نىكاھ بىلەن بىرگە جىنسى مۇناسىۋەت بولۇشى كېرەك، مانا مۇشۇ شەرت توشۇپ ئاندىن زىنا قىلغۇچى مەيلى ئايالى ياكى ئېرى قېشىدا بولسۇن ياكى ئاجرىشىپ كەتسۇن، رىجىم قىلىنىدۇ، چالما ــ كېسەك قىلىنىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

634. رىجىم قىلىش يەنى چالما كېسەك قىلىش ئاشۇ كىشى ئۆلگەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

635. ئەگەر بىر ھامىلدار ئايال زىنا قىلغىنىغا ئۆزى ئىقرار ۋە ئېتراپ قىلسا، بالىسىنى تۇغۇۋالغۇچە رىجىم قىلىنمايدۇ، ئەگەر بالىسىنى تۇغۇپ بولسا، رىجىم قىلىپ، ئۆلتۈرۈلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

636. قامچا بىلەن زىناخورنى ئۇرۇش يەنى توي قىلماي زىنا قىلغۇچىنى قامچىلاش ۋاجىپ بولۇپ، بۇ قامچا ئوتتۇرىهال بولۇشى لازىم دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. بولۇپمۇ، بۇرۇنقىلار قانداق قامچىدا ئۇرغان بولسا، شۇنداق قامچىدا ئۇرۇش لازىم.

637. توي قىلماي زىنا قىلغۇچىلارنى 100 قامچا ئۇرۇپ، يۇرتتىن پالىنۋىتىش لازىم دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، نۇئمان بىلەن ئىبنى ھەسەن پالانمايدۇ دىگەن.

638. ئەگەر بىرسى ھاممىسى بىلەن زىنا قىلسا ياكى نىكاھ ھارام بولىدىغان مەھرەم بىلەن زىنا قىلسا، يەنىلا زىنا قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ، توي قىلمىغان بولسا 100 قامچا ئۇرۇپ پالايمىز، توي قىلغان بولسا رىجىم قىلىپ ئۆلتۈرىمىز دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

639. شۈبھىلەر بىلەن جازا ھەدىنى يوق قىلىۋېتىمىز، كۆتۈرۈۋېتىمىز دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. مەسىلەن: بىر ئەرنىڭ كۆرپىسىدە يەنى ئايالى ياتىدىغان كۆرپىسىدە باشقا بىر ئايال ياتقان بولسا، ئۇ ئەر كېچىدە ئۇقماي ئايالىم ئوخشايدۇ دەپ مۇناسىۋەت قىلىپ سالغان بولسا، ئادىل كىشى بولۇپ ساختا قىلمىسا، راستلا شۇنداق بولۇپ قالسا، مانا بۇ شۈبھى بولۇپ، جازالانمايدۇ، ياكى ھارام بولىدىغان ئايالنى ئۇقماي ھالال بولامدىكى دەپ نىكاھىغا ئالغان بولسا، شۈبھى بولىدۇ توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

640. ئەگەر بىر قۇل زىنا قىلغىنىغا ئۆزى ئېتراپ قىلىپ، ئىقرار قىلسا، جازاغا تارتىلىدۇ، توي قىلمىغان بولسا 50 قامچا يەيدۇ دىگەنگە

ئىجمائقا كەلدى.

641. زىناغا تۆت گۇۋاھچى بولۇشى شەرت، ئەگەر ئۇنىڭدىن ئاز يەنى ئۈچ بو لۇپ قالسا، قوبۇل قىلىنمايدۇ، بۆھتان قىلغان بولۇپ 80دىن قامچا ئۇرۇلىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. چۈنكى، ئۇ ئىشنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق قىلغان، بارلىق ساھابىلار كېيىنكى تابىئىنلار ئىجمائقا كەلگەن.

642. ئەگەر بىر ناسارا كىشى، مۇسۇلمانغا بۆھتان قىلسا، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا بۆھتان قىلغاندەك 80 قامچا يەيدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. ئەنە شۇنىڭدەك زىنا، بۆھتانلاردا باشقا دىندىكى يەھۇدىيلار، ناسارالار ياكى قەتئىي دىنسىزلار، دەھرىلەرمۇ جازاغا تارتىلىدۇ، ئىسلام ھۆكۈمگە سېلىنىدۇ.

643. ئەگەر بىرسى قۇلغا بۆھتان قىلسا، جازاغا تارتىلمايدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

644. ئەگەر بىرسى بىر كىشنى ھەي! كاپىرنىڭ بالىسى! دېسە، ئۇ كىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مۆئمىن ھالدا جان ئۈزگەن بولسا، تىللىغۇچى جازاغا تارتىلىدۇ ھەد ئۇرۇلىدۇ، قامچا يەيدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

645. ئەگەر بىرسى بىرەر كىشىنى ھەي ناسارا، ھەي يەھۇدىي دېسە، ھەد جازا بېرىلمەي، تەئزىر ئۇرۇلىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

646. ئەگەر بىرسى دادىسىغا، چوڭ دادىسىغا، ئەجدادىغا ياكى

چوڭ ئانىلىرىغا زىنا بىلەن بوھتان قىلسا، مەسىلەن: ئىسپاتسىزلا مەن ھارامدىن بولغان دېسە، ياكى بىزنىڭ ئەجدادىمىز زىناخوركەن دېسە، ياكى پالانى بىزنىڭ ئەجدادىمىزدىن بولغان بالا دېسە، ھەد جازاغا تارتىلىدۇ، 80 قامچا ئۇرۇلىدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

647. بوھتانغا ئۇچرىغۇچى بوھتان قىلغۇچىنىڭ جازاغا تارتىلىشىنى تەلەپ قىلىشى لازىم، داۋالىشىش ھوقۇقى بار دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

648. بوھتانغا، توھمەتكە ئۇچرىغۇچى ھايات تۇرۇپ،ئۇزى يوق بولۇپ قالسا، يۇرتتىن چىقىپ كەتسە، داۋانى ئاتا ــ ئانىسى ياكى باشقا ئۇرۇق ــ تۇققىنى قىلالمايدۇ، ئۆزى قىلىشى لازىم، لېكىن ئۆلۈپ كەتسە، دۇرۇس دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

649. جازاغا، ھەدگە كېپىللىك دۇرۇس ئەمەس. دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، ۋاختىدا جازالايدۇ، كېچىكتۈرۈشكە ئۆزرە يوق.

650. ھەد، جازا، قەسەم بىلەن ياكى گۇۋاھچى بىلەنلا ۋاجىپ بولۇپ كەتمەيدۇ، دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەت، گۇۋاھچى ئېتىراپ قىلىش، ئىقرار قىلىشلار لازىم بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

651. ئەگەر بىرسى بىر كىشىنى ھەي نىجىس! دەپ ئاندىن ئى مەھمۇد يەنى مەدىھىگە لايىق كىشى دەپ قويسا، يەنىلا جازاغا تارتىلىدۇ، ھەد ئۇرۇلىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

652. جازاغا تارتىلغۇچى، مىيىپ، ئولتۇرۇم، پالەج، بىھوش بولىدىغان، ئەما بولسىمۇ يەنىلا جازاغا تارتىلىۋېرىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا

كەلدى.

653. قەستەن قاتىللىق قىلىشقا، قىساس ئېلىش، ئەر ــ ئايال ئوتتۇرىسىدا باراۋەر ئوخشاشتۇر دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ئايالمۇ ئوخشاشتۇر.

654. خاتا قاتىللىق قىلىپ سېلىش ئىشىدا ئاللاھنىڭ قۇرئاندا بايان قىلغىنىغا، شۇ ئايەتكە ئىجمائقا كەلدى، يەنى بارلىق ساھابىلار، تابىئىنلار ئەھلى ئىلىم، مۇجتەھىدلەر شۇئايەت بويىچە ھۆكۈم قىلدى.

655. ئەگەر بىر كىشى بىراۋنى قىلىچ، پىچاق، نەيزە بىلەن ئۇرسا، ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

656. خاتا ئۆلتۈرۈپ سېلىش دېگەن، مەلۇم نەرسىنى ئاتسا تېگىپ كېتىپ ئۆلۈشتۇر، ياكى بىرەر ئوۋنى، كېيىكنى نىشانلاپ ئاتسا ئادەمگە تېگىپ كېتىپ ئۆلۈشتۇر، دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، خۇددى ھازىر خاتا داۋالاپ ئۆلتۈرۈپ قويغاندەك. ياكى قاتناش ۋەقەسىدە شوپۇر باسۇرۇپ سالغاندەك. خاتالىشىپ ئۆلتۈرگۈچى 100 تۆگە تۆلەيدۇ.

657. ئەگەر قۇل قاتىللىق قىلسا، خوجايىنى ئۇنى ۋەلىيگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، مالىك بۇنى ئىنكار قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ دېدى.

658. ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، تولۇق بىلىپ دەلىل ــ ئىسپاتى بىلەن زىنا ئىشىدا تۆت گۇۋاھچى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ، جازالايتتى، بولمىسا جازاغا تارتمايتتى دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

659. بەزى ئىشلاردا، ئىمامنىڭ، تەئزىر ئۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ،

دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، تەئزىر 3 ـ 36 گىچە بولىدۇ.

660. توي قىلماي زىنا قىلغۇچىنى 100 قامچا ئۇرۇپ، پالاش ۋاجىپ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، لېكىن، نوئمان بىلەن ئىبنى ھەسەن پالاشقا قۇشۇلمىدى، بۇ مەسىلىنى مۇسەننىپ ئاپتۇر تەكرار يازغاچقا مەنمۇ تەكرار تەرجىمە قىلدىم ھىكمىتى باردۇر.

661. ئەگەر بىر ئەر، نىكاھ ھارام بولىدىغان مەھرەم بىلەن زىنا قىلسا، زىنا بولىۋېرىدۇ، جازاغا تارتىلىدۇ شۇنىڭدەك ئۇممە ۋەلەد دىدەك، قۇل ئايال مۇكاتەپ، مۇدەببەر قۇل ئايالار زىنا قىلسا، ئۆزى ئىقرار قىلسا جازاغا تارتىلىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

662. ئەگەر بىر دىدەك، چۆرە زىنا قىلغان بولسا، تېخى جازاغا تارتىلماي تۇرۇپ ئازاد قىلىنغان بولسا، ھۆردەك ئەمەس، قۇل، دېدەكتەك جازالىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ زىنانى قۇل ۋاختىدا قىلدى دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

663. شۇنىڭدەك ئازاد قىلغىنىنى بىلمەي، خەۋىرى يوق زىنا قىلىپ قالغان بولسا، ئاندىن ئۆزىنىڭ زىنا قىلغان ۋاختىدا ئازاد بولۇپ بولغىنىنى بىلسە، يەنىلا قۇلدەك، دىدەكتەك جازالىنىدۇ، مۇكاتەپ، مۇدەببەر، يېرىمى ئازاد يېرىمى قۇل كىشىلەرگە بۆھتان قىلغۇچى جازاغا تارتىلمايدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

664. ھاراق ئىچكۈچى 80 قامچا يەيدۇ، ئەگەر تۆتىنچى قېتىم يەنە ئىچسە قاتتىقراق ئۇرۇلىدۇ، ئۆلتۈرۈلمەيدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، بەزى كىشىلەر ئۆلتۈرۈلىدۇ دىگەن.

665. ھۆر، ئەركىن كىشىگە ھۆر، ئەركىن كىشى قىساس ئېلىنىدۇ، ھۆرگە ھۆر دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

666. ئەگەر بىرسى، بىر كىشىنىڭ ئوڭ قولىنى، يەنە بىر كىشىنىڭ سول قولىنى كېسىۋەتسە، بىراقلا ھەر ئىككى كىشى ئۈچۈن قىساس ئېلىنىدۇ، كەسكۈچىنىڭمۇ ئوڭ، سول قولى كېسىلىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

667. جاراھەتتىن قىساس ئېلىش، ھۆكۈم چىقىرىش، شۇ جاراھەت ئىگىسى مۇكەممەل ساقايغىچە كۈتۈپ تۇرۇلىدۇ، ئىنتىزار قىلىنىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

668. بىرەر ھايۋان، ئىگىسىنىڭ خەۋىرى يوق، بىرەر كىشىگە مۇسىبەت يەتكۈزگەن بولسا، ھايۋان ئىگىسى ھېچنىمىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، تۆلىمەيدۇ دىگەنگە ساھابىلار، تابىئىنلار، ئەھلى ئىلىم، مۇجتەھىدلەر ئىجمائىقا كەلگەن، ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالماڭ!

669. بىر ئەر كىشىنىڭ دىيەت، خۇن پۇلى 100 تۆگە بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

670. ئايال كىشىنىڭ دىيەت، خۇن پۇلى ئەر كىشىنىڭ يېرىمىغا تەڭ بولۇپ، 50 تۆگە بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، بىز يۇقىرىدا باراۋەر دىگىنى، جىنايەتچى ئەر ــ ئايالدۇر، ھازىرقىلار بولسا، جىنايەت سادىر قىلىنغان، ئۆلگەنلەردۇر.

671. سۈرە نىسادىكى قاتىللىق مەسىلىسىگە قەستەن بولسۇن، خاتا بولسۇن ئىجمائىقا كېلىپ، ئايەتتەك شۇنداق ھۆكۈم چىقارغان،

ئەلۋەتتە، ئايەت ـ دە! مەخسەت مەنسۇخ ئەمەس دېمەكچى.

672. يۈزنىنىڭ ياكى بېشىنىڭ تېرىسىنى سويۇۋەتسە، سۆڭىكى چىقىپ قالسا، ئۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن، شۇ كىشىگە بەش تۆگە تۆلەپ بېرىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

673. سۆڭىكى كۆرۈنۈپ قېلىش، سويۇۋېتىش باشقا ئەزالاردا ئەمەس بەلكى باش، يۈزىدە بولىدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

674. بىرەر ئەزانى، پۇت ـ قولىنى چىقىرۋەتسە، يۇلۇۋەتسە، گەرچە يەنە جايىغا سالغان بولسىمۇ جىنايەتچى بۇنىڭ ئۈچۈن 15 تۆگە تۆلەيدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

675. چىقىرىۋېتىش پەقت سۆڭەكتە بولىدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

676. بىرەر ئەزانى چىقىرىۋەتسە، يۇقىرقى تۆگىنى بېرىدۇ، قىساس ئېلىپ بېرىلمەيدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيىر قىساس ئېلىنىدۇ دېگەن.

677. ئەگەر بىرسى بىرسىنىڭ بېشىنى يېرىۋەتسە، باشنىڭ چىلى چوقىسىغا مۇسىبەت يەتكەنلىكى ئۈچۈن 33 تۆگە دىيەت تۆلەيدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. مەكھۇل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەستەن بولسا 66 تۆگە، خاتالىشىپ بولسا 33 تۆگە بېرىدۇ دېگەن.

678. باشنى يارسا، مۇسىبەت يەتكۈزسە يۇقىرقى تۆلەمنى بېرىدۇ. لېكىن، قىساس ئېلىنمايدۇ، يەنى يارغۇچىنىڭ بېشىمۇ يېرىلمايدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

679. ئەقلىنى كېرەكتىن چىقارسا، 100 تۆگە تۆلەيدۇ دېگەنگە

ئىجمائىقا كەلدى، مەسىلەن: ئۆرۈپ ياكى زەھەرلەپ ياكى خاتا داۋالاش بىلەن.

680. ئىككى قۇلاقنى كېرەكتىن چىقارسا ياكى كېسىۋەتسە 100 تۆگە تۆلەيدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

681. ئىككى كۆزگە مۇسىبەت يەتكۈزسە، قارىغۇ قىلىپ قويسا، 100 تۆگە تۆلەپ بېرىدۇ، ئەگەر بىرىنى كور قىلىپ قويسا 50 تۆگە بېرىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

682. بۇرنىنى كېسىۋەتسە، ياكى چولاق قىلىپ قويسا 100 تۆگە تۆلەيدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. چۈنكى، چىرايىغا نۇقسان يېتىدۇ.

683. تىلىنى كېسىۋەتسە ياكى گاچا قىلىپ قويسا يەنىلا 100 تۆگە تۆلەيدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

684. گاچىنىڭ تىلىنى كېسىۋەتسە ياكى مۇسىبەت يەتكۈزسە ئىسلام خەلىپىسىدىكى ئادىل ھۆكۈمەت ئۆزى بىر نېمە دەيدۇ يا 100 تۆگە ئېلىپ بېرىدۇ يا 33نى ئېلىپ بېرىدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

685. ئاۋازنى يوق قىلسا، يەنى ئاۋاز پەردىسىگە مۇسىبەت يەتكۈزۈپ ياكى نېرۋا ئارقىلىق ئاۋازنى يوق قىلىۋەتسە، 100 تۆگە تۆلەيدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

686. بىر قولىنى كېسىۋەتسە ياكى پالەج، ئىشلىمەس قىلىۋەتسە، 50 تۆگە تۆلەيدۇ،( قىساس ئېلىشنى بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەن) دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

687. بارماقلار يەنى قولنىڭ بارماقلىرى باراۋەر بىرىنى بىرىنىڭ

ئۈستىگە ئارتۇق قىلمايمىز دەپ ئىجمائقا كەلدى. پۈتنىڭ بارمىقى قولنىڭ بارمىقىغا ئوخشاشتۇر.

688. بارماقلارنىڭ ئۈچى بىر ـــ بىرىگە تەڭ، باراۋەر بولىدۇ، ھەر بىر بارماقنىڭ ئۈچىغا شۇ بارماقنىڭ دىيەت، تۆلىمىنىڭ $\frac{1}{3}$ ى بېرىلىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. ھەربىر بارماقنىڭ جازاسى 10 تۆگە بولسا، بارماق ئۈچىغا 3.3 تۆگە بېرىلىدۇ.

689. باش بارماقتا ئىككى تال بارماق ئۈچىنىڭ تۆگىسى يەنى 6 ـ 7 تۆگە بېرىلىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، مالىك ئىبنى ئەنەس بىر بارماقنىڭ تۆگىسى 10 تۆگە بېرىلىدۇ دېدى.

690. ئەگەر ساق بىر قول ئۇرۇپ تىتىۋېتىلسە، 100 تۆگە تۆلەپ بېرىشى لازىم دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

691. ئەگەر بىرەر ئايالنىڭ كۆكرىكىنى يەنى ئەمچىكىنى كېسىۋەتسە 50 تۆگە تۆلەيدۇ دەپ ئىجمائقا كەلدى.

692. ئەگەر بىراۋنىڭ سۆلبىنى، ئومۇرتقىسىنى كېرەكتىن چىقارسا، 100 تۆگە تۆلەيدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

693. ئەگەر بىراۋنىڭ زەكىرىنى، ئەۋرىتىنى كېسىۋەتسە، ياكى كېرەكتىن چىقارسا، 100 تۆگە تۆلەيدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

قەتادە رەزىيەﷲ ئەنھۇ ساق بولسايەنى ئاياللارغا يېقىن كىلەلىسى 100 تۆگە، بولمىسا 33 تۆگە دىگەن، ئاياللار نىڭمۇ شۇنداققۇ دەيمەن.

694. ئىككى ساغرا، كاسىنى كېسىۋەتسە ياكى مۇسىبەت يەتكۈزسە، 100 تۆگە تۆلەيدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، ئەر ـــ ئايال

ئوخشاش.

695. بىر قولىغا 50 توگە، بىر پۇتقىمۇ 50 توگە بېرىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

696. ئادىل ھۆكۈمەت بىر نېمە دەيدۇ، ھۆكۈم چىقىرىدۇ دېگەنلىك، ئادىل ھاكىمنى كۆرستىدۇ، ئىسلام خەلىپىسىنىڭ ئادىل ھاكىمى، ئۇ مۇشاۋىرلىرى بىلەن بىرەر كىشى زەخمىگە ئۇچقىسا ياكى جاراھەتلەنسە، شۇ كىشىنىڭ ئوخشىشىنىڭ باھاسى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ، قىممىتىنى ساق كىشىگە سېلىشتۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

697. تىۋىپ، دوختۇر خاتا داۋالىسا تۆلەم تۆلەپ بېرىدۇ. لېكىن ئېتىبارغا ئالغۇدەك دوختۇر، تېۋىپنى قويۇپ، نائۇستا تېۋىپىنىڭ قېشىغا بېرىپ، مېنى داۋالاپ قويسلا، ئاقىۋەتىگە مەن ئىگە دېسە، دوختۇر قول قويدۇرۇۋالسا، داۋالاپ ئامال قىلالمىسا ياكى سۇيقەست قىلماي تەبىئىي ئادىتى بويىچە داۋالاتسا ئەجەل كېلىپ ئۆلۈپ كەتسە، دوختۇر، تېۋىپ ھېچنېمىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، تۆلەم تۆلىمەيدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

698. خەتنە قىلغۇچى خاتالىشىپ ئەۋرەت ئۇچىنى قوشۇپ كەسسە ياكى بىر قىسمىنى كەسسە، خاتالاشقىنىغا چۇشلۇق تۆلەم تۆلەپ بېرىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، 100 توگە بولۇشى مۇمكىن.

699. ئەگەر بىرسى، بىر كىچىك بالىنى دادىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ياكى بىر قۇلنى خوجايىنىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆلىغىغا مىندۈرۋالسا، ئاندىن ھالاك قىلىۋەتسە، چوقۇم تۆلەپ بېرىدۇ، ئۆلسە 100 توگە بېرىدۇ،

جاراھەتلەنسە شۇنىڭ بويىچە تۆلەم بېرىدۇ دېگەنگە ئېجمائىقا كەلدى.

700 . خاتالىشىپ جىنايەت سادىر قىلغۇچىنىڭ دىيەت، خۇن پۇللىرىنى، تۆلەملىرىنى ئۇرۇق ــ تۇققانلىرى بېرىشىپ بېرىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

701 . ئايال كىشىنىڭ دىيەت، تۆلەمنى تۆلىشىپ بەرگۈدەك ئورۇق ــ تۇغقىنى بولسا، بالاغەتكە يەتمىگەن بالىسى ياكى ئانا بىر قېرىندىشى تۆلەمنى تۆلىشىپ بەرمەيدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

702 . ئايال كىشى بىلەن بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا، دىيەت، خۇن پۇلىنى تۆلىشىپ بەرمەيدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

703 . پېقىر، يوقسىز تۇغقانغىمۇ بۇنىڭدىن بىر نەرسە كەلمەيدۇ، تۆلىشىپ بەرمەيدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

704 . تۆلەم، دىيەت، خۇن پۇلىنىڭ $\frac{1}{3}$ دىن ئېشىپ كەتسە، يەنى 33 تۆگىدىن ئېشىپ كەتسە، ئاندىن باشقىلار تۆلىشىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاز بولۇپ قالسا، تۆلىشىپ بەرمەيدۇ. لېكىن خالىس ياردەم قىلسا بولىدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

705 . تۆلەمنى تۆلىشىپ بېرىدىغانلار مېھر مىسلىنى، تويلۇقنى، باشقا مال ــ مۈلۈكلەرنى تۆلىشىپ بەرمەيدۇ، قۇلىمۇ خۇن پۇلىنى تۆلىشىپ بېرىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

706 . شۇنداقلا قەستەن جىنايەتكە بىرەر نەرسە تۆلىشىپ بەرمەيدۇ، خاتاغا خاتالىشىپ سېلىپ ئۆتكۈزگەن جىنايەتكە تۆلىشىپ بېرىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

707 . قورساقتىكى تۆرەلمە بالىنى، چۈشۈرىۋەتسە ياكى قەسلەپ ئۆلتۈرۈۋەتسە بىر قۇل بىرىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، ھەدىسمۇ شۇنداق بۇيرۇيدۇ.

708 . يەھۇدىي ياكى ناسارا ئايالنىڭ بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتسە شۇ ئانا بولغان ئايالنىڭ خۇن پۇلىنىڭ $\frac{1}{10}$نى يەنى 5 تۆگە بىرىدۇ دەپ ئىجماھ قىلدى.

709 . ئەگەر بىرەر ئايالنىڭ بالىسىنى قەستەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش مەخسىتىدە چۈشۈرۈۋەتسە 100 تۆگە تۆلەپ بىرىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

710 . ئەگەر بىر ئايال تاياق يىگەنلىكتىن بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتسە ياكى نۇرغۇن بالىلارنى، تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋەتسە ھەربىر بالا ئۈچۈن بىردىن قۇل تۆلەپ بىرىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

711 . خاتالىشىپ، خاتا ھالدا قاتىللىق قىلغۇچى، كاپارەتنىمۇ بىرىدۇ، قۇرئان ئايىتىدە كۆرسىتىلگەندەك قۇل ئازاد قىلىش،تاپالمىسا ئىككى ئاي روزا تۇتۇشلار دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

712 .ئايالنىڭ بالىسىنى شۇئايالنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتسە،جىنايەتچى ئىرى بولسىمۇئايالىغا بىر قۇل بىرىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

713 . ئەگەر بىر كىشى بىر قۇلنى خاتا ئۆلتۈرۈپ قويسا، شۇ قۇلنىڭ قىممىتىنى بىرىدۇ، ئەگەر قىممىتى 100 تۆگىدىن تۆۋەن بولسا، شۇنداق بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

714. ھۆر، ئەركىن، مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ دىيەت، خۇن پۇللىرى، تۆلەملىرى،بىربىرگە ئوخشاش دەپ ئېتىقاد قىلىش كېرەك.

715. قۇللارنىڭ پۇللىرى، قىممەتلىرى ئىگىز ــ پەس بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، چىرايلىق بولۇش، قابىلىيەتلىك بولۇشتەك.

716. ئەگەر تۇغساق سەن ئازاد، دىيىلگەن ئۇممە ۋەلەد قۇل ئايالنىڭ، ئۆتكۈزگەن جىنايىتى شۇ ئايالنىڭ خوجايىنىنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

717. داۋا ئىشلىرىدا بولسۇن ۋەدە ئىشلىرىدا بولسۇن، جىنايى ئىشلاردا بولسۇن، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلسا، ئۇ قەسەم قىلغۇچى بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

## مۇرتەد يەنى دىندىن قايتىۋالغان كىشى توغرىسىدا

718. ناسارا ئەر ــ خوتۇنلارنىڭ بىرسى مۇسۇلمان بولغانغا ئۇلارنىڭ قىز ــ ئوغۇللىرى مۇسۇلمان بولۇپ قالمايدۇ، ئىسلام دىنىغا كىرسە ئاندىن مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى، بۇ خۇددى سەيىد قۇتۇپ رەھمەھۇللانىڭ سەن مۇسۇلمان دۆلىتىدە ياكى مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ قالغانغىلا مۇسۇلمان ھېسابلانمايسەن، مۇسۇلمان، مۆئمىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن چوقۇم ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىگە، قۇرئان، ھەدىسنىڭ يولىيورۇقىغا بويسۇنۇشۇڭ كېرەك دىگەن سۆزگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

719. مۇسۇلمان كىشى كىيىن مەجنۇن، ساراڭ بولۇپ قېلىپ،

ساراڭ ھالەتتە مۇرتەد بولسا، شۇنداق گەپ سۆزلەرنى قىلسا، بۇ مۇرتەد، كاپىر ھېسابلانمايدۇ، ئۇنى ئۆلتۈرگۈچىدىن قىساس ئېلىنىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

720. ئەگەر بىر مۇسۇلمان قۇل مۇرتەد بولۇپ، ئىسلام دىنىدىن قايتىۋالسا، تۆۋبە تەلەپ قىلىنىدۇ، تۆۋبە قىلسا قالدۇرۇلىدۇ، تۆۋبە قىلمىسا كاللىسى ئېلىنىدۇ، ئۆلتۈرۈلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى. بۇ ئىجمائدىكى ئەبدى دېگەن سۆز، بەندە، بىرەر كىشى دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن، مەيلى قۇل، مەيلى ھۆر بولسۇن، مۇرتەد بولسا ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭدا ئىختىلاپ يوقتۇر.

721. كىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەيىبلىسە، تىللىسا، ھاقارەتلىسە دەرھال ئۆلتۈرۈلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

722. مۇرتەد بولغان كىشىنىڭ مال ــ مۈلكىدىن ھوقۇقى پۈتۈنلەي بىكار قىلىنمايدۇ، مال ــ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىسمۇ ئېسىپ قويۇلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

723. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇرتەد، ئىسلام دىنىغا قايتىپ كەلسە، دۈشمەن سېپىگە قوشۇلۇپ كەتمىسە، مال ــ مۈلۈكى ئۆزىگە قايتۇرۇلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى، بۇنىڭدا ھېچبىر ئىختىلاپ يوق.

724. ئەگەر دىنىسىز، كاپىر چىن دىلىدىن ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق دېسە، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دېسە، مۇسۇلمان بويسۇنغۇچى بولۇپ، كاللىسى ئېلىنمايدۇ.

لېكىن، ناماز ۋاختى كەلدى، ناماز ئوقۇشنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن تەرىك ئەتسە، ئىنكار قىلسا، تېنىۋالسا، يەنىلا كاپىر بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. مەن كۆرگەن بارلىق كىتابلاردا نامازنى ئىنكار قىلغۇچى، تانغۇچى كاپىر بولىدۇ، تانسا كاپىر بولۇشىدا، ئىنكار قىلسا كاپىر بولۇشىدا بارلىق پەرىزلەر ئوخشاش، پەقەت نامازنى تەرىك ئەتسە، كاپىر بولىدۇ باشقا پەرىزنى تەرىك ئەتسە كاپىر بولماي تۇرىدۇ دىگەن ھۆكۈملەرنى كۆردۈم. شۇنداقلا، نامازنى ئۆزرىسىز قەستەن تەرىك ئەتكۈچى، ھورۇنلۇق قىلىپ ئوقۇمىغان كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ دىگەن ھۆكۈم، جۇمھۇر، ئىلىم ئەھلى، مۇجتەھىدلەر ھۆكمىدۇر، ئۆلتۈرۈشىدە قىلىچ بىلەن كالللىسىنى ئېلىشقا ھەممىسى قوشۇلغان، ھەرقايىسى ھېسابقا ئالغۇدەك سەھىھ كىتابلارنى كۆرۈڭ.بۇتۇغرىلۇق مەخسۇس كىتابلاربار.شەرھى مۇسلىمدابار.

725 . ئەگەر مۇرتەد تۆۋبە قىلىپ ئىسلام دىنىغا قايتىپ كەلسە، ئەدەپلەنمەيدۇ دەپ ئىجمائىقا كەلدى.

726 . ئەگەر ئادىل، تەقۋا ئىككى مۇسۇلمان بىرەر كىشىنىڭ مۇرتەد بولغىنىغا دىنىدىن قايتىۋالغىنىغا گۇۋاھلىق بەرسە، بۇ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر، ئۇ مۇرتەد تۆۋبە قىلىپ ئىسلام دىنىغا قايتىپ كەلمىسە، شۇ گۇۋاھلىق بىلەن كالللىسى ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

## قۇل ئازاد قىلىش توغرىسىدا

727 . ئەگەر بىر كىشى باي بولۇپ، ساق چاغدا بىرەر قۇلنى ئازاد

قىلىنىۋەتسە، بۇ دۇرۇس، ئىجرا قىلىنىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

728. ئەگەر بىر كىشى بىلىپ ـ بىلمەي ئاتا ـ ئانىسىغا ياكى بالىسىغا ئىگە بولۇپ قالسا، ئۇلار شۇ سائەتتىلا ئازاد بولۇپ كېتىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

729. ئەگەر بىر كىشى بىز يۇقىرىدا دېگەندەك ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياكى بالىسىنىڭ ئوموميۇزلۇك پۈتۈن يېرىگە ئىگە بولالمىسىمۇ، مەلۇم قىسمىغا ياكى يېرىمىغا ئىگە بولسىمۇ ئۇلار ئازاد بولۇپ كېتىدۇ، قالغان يېرىمىنى بۇ كىشى ئازاد قىلىشى لازىم دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

730. ئاتا ـ ئانىسىغا ياكى دادا تەرەپ ياكى ئاتا تەرەپ چوڭ دادا، چوڭ ئانا ئەجدادلىرىغا ئىگە بولۇپ، خوجايىن بولۇپ قالسىمۇ ئۇلار ئازاد بولۇپ كېتىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

731. ئەگەر بىرسى قۇلنى ئازاد قىلىشنى نىيەت قىلىپ بىرەر قۇلغا سەن ھۆر، مەن سېنى ئازاد قىلىپ بولغان، سەن ئازادگەردە بولدۇڭ دېسە، بۇ قۇل ئازاد بولۇپ كېتىدۇ. بۇ كىشىنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقى تۈگەيدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

732. ئەگەر بىر خوجايىن، دېدەك، چۆرىسىنىڭ قورسىقىدىكى بالىنى ئازاد قىلسا، بالا ھايات تۇغۇلسا، ئۇ بالا ئازاد بولۇپ كېتىدۇ، ئانىسى يەنىلا قۇل، دېدەك ھالدا قالىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

733. ئەگەر بىر خوجايىن دېدەك، چۆرىسىگە سەن تۇغقان بالىلار ئازاد دېسە، ئۇ دېدەك تۇغقان بارلىق بالىلار ھۆر، ئازاد بولۇپ كېتىدۇ دېگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

734. كىچىك بالىنىڭ، قۇل، ئازاد قىلىشى دۇرۇس ئەمەس دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرەر خوجايىنىنىڭ كىچىك بالىسى، بىرەر قۇلغا سەن ئازاد، سەن ھۆر، دادام سېنى ئازاد قىلدى دېسە، ھېساب قىلىنمايدۇ،ئۇ،قۇل ئازاد بولمايدۇ.

735. مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى ھەم تەڭ ئۇلار بىر ــ بىرىگە كېپىل بولالايدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

736. ئەگەر بىر ئەر خوجايىن يەنە بىر ئەر خوجايىنىنىڭ قۇلىنى ئۇنىڭ بۇيرۇقىسىزلا سېنى مەن ئازاد قىلىۋەتتىم، يولۇڭغا كېتىۋەر دېسە، ئۇ قۇل ئازاد بولۇپ كېتىدۇ، ۋەلىيلىك ھوقۇقى ئازاد قىلغۇچىنىڭ بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

737. قورقۇنۇشلۇق كېسەل يەنى راك كېسەل، ئۆلۈش ئالدىدىكى كېسەل كىشى سۆز قىلىپ بىرەر كىشىگە سوۋغا بەرسە، سەدىقە ــ ئىھسان، ھەدىيە قىلسا، ياكى قۇل ئازاد قىلسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى مال ــ دۇنياسىنىڭ $\frac{1}{3}$ گە كىرگۈزۈلىدۇ. ۋەسىيەت ھېسابىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئەگەر $\frac{1}{3}$ دىن ئېشىپ كەتسە، رەت قىلىنىدۇ $\frac{1}{3}$ گە قايتۇرۇلىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

738. گۆرۈگە، رەنىگە بىرەر نەرسە ئالغۇچى ئۇ نەرسىنى سېتىشدىن، سەدىقە قىلىشدىن، ئازاد قىلىشدىن چەكلىنىدۇ، قولدىن ئۇ نەرسىنى چىقارسا بولمايدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

739. رەنىگە، گۆرۈگە ئالغان نەرسىنى، ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە

قويغۇچىنىڭ ئىزنىسىز، رۇخسىتىسىز ساتسا، بۇ سودا بەيئى، باتىل رەت قىلىنىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

740 . ئەگەر قۇلىغا سەن ھۆر، سېنى ئاللاھ ئازاد قىلىشۋەتتى، سەن دېگەن ئازاتىگەردە دېسە، بۇ قۇل شۇئان ئازاد بولۇپ كېتىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

## يېمەك ـ ئىچمەك توغرىسىدا

741 . ھەرقانداق مەگىن ئىگىسى بولغان ھايۋان ھارام دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى. خۇددى ئىشت، شىر، يولۋاس، بۆرە قاتارلىقلار، ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا، پىلمۇ ھارام دېگەن.

742 . ھالال ھايۋاندىن بىرەر نەرسىنى كېسىۋالسا، يەنى شۇ ھايۋاننى تېرىك توختۇتۇپ قويۇپ، بىرەر نەرسە گۆش، ياغ كېسىۋالسا بۇ نەرسە ھارام، يېيىش، سېتىشمۇ ھارام دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

يۇقىرىدا بىز ئۆزى ئۆلگەن ھايۋان مەيلى ھارام ياكى ھالال ھايۋان بولسۇن سېتىش ھارام، پۇلى ھارام دېگەن ئىجمائنى يازغان.

743 . تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكىدەك ئەنئامنىڭ گۆشلىرى ھالال دېگەنگە قۇرئان، سەھىھ ھەدىس، ئىجمائلار بىلەن ئىجمائقا كەلگەن، يەنى ئىجماۓ ئىكەنلىكىگە يەنە ئىجمائقا كەلگەن.

744 . يىرتقۇچى ئەمەس، گۆشخورئەمەس، تىرناقلىق، ئىلمەك تۇمشۇق ئەمەس قۇشلارنىڭ گۆشلىرى ھالال دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

745 . چىكەتكە، ئېگىز قۇشقىچى، گەرچە ئۆلۈك ھالدا تېپىلسىمۇ

ھالال دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. مالنى بىلەن لەيسى ئۆلۈك مەيتەت بولسا ھارام دىگەن.

746. دېڭىزنىڭ ئۆۋلىرى، ئىھرام باغلىغان ياكى باغلىمىغان كىشلەرگە ھالال دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

747. زۆرۈرىيەتتە جان ساقلاش ئۈچۈن ئۆزى ئۆلگەن مەيتەت، ھالال دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. ئەلۋەتتە، بۇلار ئايەت، ھەدىسلەردە بار، بۇ دەلىل ئۈستىگە دەلىل، نۇر ئۈستىگە نۇردۇر.

748. مۇسۇلمانلارنىڭ مال ــ مۈلكى قان، جانلىرى ھارام دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى. ئاللاھ دۇرۇس قىلىپ بەرگەن ئىشلار مۇستەسنا، ھەدىيە، سەدىقە تىجارەتتەك.

749. سەي ــ كۆكتات، ئوتياشلار ھالال دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

750. ئىسلام خەلىپىسىگە، سۇلتانىغا قارشى چىققۇچىلار، باغى خاۋارىج بولۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، كاللىسى ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىمامدىن، سۇلتاندىن مۆھلەت بېرىشنى تەلەپ قىلسا، قوماندان، ئىمام ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا قايتىپ كېلىشنى ئۈمىد قىلسا، شۇنداق بولۇشىغا ئىشەنچ قىلىپ كۆزى يەتسە، شۇنداق قىلىپ باقىدۇ، مۆھلەت بېرىپ يارىششىنىڭ ئۇلارنى زۇلۇمدىن، باتىلدىن قايتۇرۇشنىڭ چارىسىنى قىلىدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

751. بىز يۇقىرىدا دىگەندەك، ساھابىلار نامازنى تەرىك ئەتسە كاپىر بولىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلگەن، بولۇپمۇ، كېيىنكى ئالىملار

ئۆلتۈرۈشكە ئىجمائىقا كەلگەن.

752. بىر ساھابىنىڭ سىھىرگەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنى يەنى مەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيمەن دەپ داۋا قىلغان بىر سىھىرگەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئەمدى ئۆزۈڭنى تىرىلدۈرۈپ باققىنە قېنى! دىگەن ۋەقەسىنى ساھابىلار، تابىئىنلار ئاڭلاپ ئىنكار قىلمىغان، مانا بۇ ئىجمائىنى سۈكۈت دەپ ئاتىلىدۇ.

753. ئەگەر بىرەر زىمىن، شىرىكلەر ئارىسىدا بولۇپ، ئۇلار ھەربىرى ئۆزىنىڭ دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججىتىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ بۇ زىمىننى تەقسىم قىلىپ بېرىشنى سورىسا، تەقسىم قىلىنىپ بېرىلىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

754. ئەگەر بىر تال گۆھەر، جامائەتلەر ئارىسىدا بولسا، بۇ گۆھەردە ھەربىر كىشىنىڭ نىسىۋىسى بولسا، ھەربىر كىشى ئۆز نىسىۋىسىنى ئالماقچى بولۇپ، گۆھەرنى پارچىلىماقچى، چاقماقچى بولسا، بۇ چاغدا ئۇلار بۇ قىلمىشىدىن چەكلىنىدۇ، توسۇپ قېلىنىدۇ. چۈنكى، گۆھەرنى چاقسا، پارچىلىسا ئۇنىڭ قىممىتى يوقايدۇ، ھالاك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى تۈگىشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ گۆھەر، زور، ناھايىتى قىممەتلىك باھا قويۇلۇپ، مانا شۇ قىممەتنى گۆھەرنى ساتقان قىممەتنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بىرىش لازىم، يەنى سېتىپ تەقسىم قىلىنىدۇ، شۇنىڭدا ئۇلار پايدا ئالالايدۇ. ئەگەر سۇنۇپ كەتسە، چېقىلىپ كەتسە، پارچىلانسا، بارلىق جامائەتنىڭ قىممىتى، نىسىۋىسى يوق بولىدۇ، ئەنە شۇنىڭدەك، جامائەت ئارىسىدىكى قىممەتلىك گۆھەر،

قىممەتلىك يادىكارلىق، قىلىچ، نەيزە، قۇرئان، جەڭ كىيىمى، دوسقان، ساندۇق، ئىشكە، ئاياغ، ئوقيا ۋە ئۇلارغا ئوخشاش قىممەتلىك ئەتىۋارلىق نەرسىلەرنىڭ ھۆكمى بىز يۇقىرىدا دىگەندەك بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلگەن.

755. ھويلا، داچا، ئۆي ـ زىمىن قاتارلىقلارنى تەقسىم قىلىپ بەرمىسە، زىيان يەتسە، شېرىكلىرى تەقسىم قىلىپ بېرىشنى سورىسا، دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججەت بىلەن ھەربىر كىشىگە ئۆز نىسىۋىسىنى بېرىپ، تەقسىم قىلىپ بېرىش ۋاجىپ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

756. ئەگەر شېرىكلەر بىر شەھەردىن يەنە بىر ھاكىم، قازى بار شەھەرگە دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججەتلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، يۇقىرقى نەرسىلەرنى تەقسىم قىلىپ بېرىشنى سورىسا، ئۇ ھاكىم، ۋالىي، قازىمۇ تەقسىم قىلىپ بېرىشى لازىم دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

757. ھۆكۈم مەجلىسىگە چىقىشقا ئاجىز كېلىدىغان كىسەل ياكى يۇرتتا يوق بولۇپ، ۋاختىدا ئۆلگۈرۈپ كېلەلمەيدىغان، غائىپ كىشى ئورنىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، ھەققىنى تەلەپ قىلسا، سۆز قىلدۇرسا دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى، يەنى ۋەكىل ئەۋەتىش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزرە، سەۋەب بولۇشى لازىم.

758. ئەگەر ۋەكىل ئەۋەتكۈچى ئۆلۈپ كەتسە، ۋەكىل بولغۇچىنىڭ ۋەكىللىك ھوقۇقى تۈگەيدۇ، بۇزۇلۇپ كېتىپ، ئىناۋەتسىز بولۇپ كېتىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

759. لېكىن، ئۇخلاپ قېلىشى، بىھوش بولۇپ قېلىشى بىلەن

ۋەكىللىك ھوقۇقى ئىناۋەتسىز بولۇپ، بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ، دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

760. ئەگەر، ۋەكىل قىلغۇچى ۋەكىلگە ئىجازەت بەرسە، ئىقرارغا رۇخسەت قىلسا، ئاندىن ۋەكىل، ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكۈچىنىڭ زىيىنغا بىرەر نەرسىنى ئىقرار قىلسا، دۇرۇس ئىقرارى قوبۇل قىلىنىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

761. ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكۈچى، رۇخسەت قىلسا، ۋەكىل ئۆزىنىڭ ئورنىغا يەنە بىر ۋەكىلنى ئەۋەتسە، دۇرۇس بولىدۇ، بۇ ۋەكىلنىڭ ۋەكىلى بولىدۇ دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

762. ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكۈچى ۋەكىلگە ئېلىم ـ سېتىم، سودا، بەيئىدا باھانى ئېنىق دەپ بەرسە، مەلۇم مىقداردا پۇلنىڭ سانى مىقدارىنى دەپ، ئاتاپ، ئىسىم، باھا قويۇپ بەرگەن بولسا، ئاندىن ۋەكىل بۇ مىقدارغا خىلاپلىق قىلىپ، سەل ئەزان ياكى قىممەت ئالسا ياكى ساتسا، بۇ سودا دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى. چۈنكى، ۋەكىل شۇ كىشىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈنچىلىك ھوقۇقى بولىدۇ.

763. ئەگەر ۋەكىلنى مۇتلەق ھالدا بىرەر مالنى سېتىپ كېلىشكە ئەۋەتسە، ۋەكىل ئۇ مالنى شۇ شەھەردىكى نەخ پۇلغا، كۆپىنچە ئىستېمال بولۇۋاتقان پۇلغا، ئالتۇن ـ كۈمۈشكە سېتىپ كەلسە، بۇ دۇرۇس دىگەنگە ئىجمائىقا كەلدى.

764. ئەگەر ۋەكىل ئۇنى ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىزنى، رۇخستىسىز، خەۋىرى يوق ھالدا بىرەر قۇلنى ياكى مالنى ساتسا، ئاندىن سېتىۋالغۇچى

تەنە قىلىپ، مالنىڭ ئەيىبىنى ياكى قۇلنىڭ ئەيىبىنى تېپىپ ئەكەلسە، شۇ ۋەكىل ساتقان مالنىڭ نەخ ئۆزى ئىكەنلىكىگە دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەت كەلتۈرسە، ئەمەلىيەتتىمۇ، مالدا شۇ ئەيىب كۆرۈنۈپ تۇرسا، قازى بۇ سودا بەيئىنى بۇزۇۋېتىدۇ. ۋەكىلدىن پۇلنى سېتىۋالغۇچىغا قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىدۇ، مال ياكى قۇل ۋەكىلگە قايتۇرۇلىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

765. ئەگەر بىرسى ئېلىشنى ئەكىلىشكە ۋەكىل ئەۋەتسە، ۋەكىل ئۇ كىشىدىن قەرىزنى كۆتۈرۈۋېتىپ، قەرىزدىن ئازاد قىلىۋەتسە بۇ دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى، ۋەكىل دېگەن ۋەكىل، ئۇ قەرىزگە، ئېلىشقا ئىگە بولالمايدۇ. ئۆزى ئۆز يېنىدىن تۆلەپ قويسا ئاندىن بولىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

766. ئەگەر، دادا، بالىسىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئېلىم ــ سېتىم، سودا ئىشىدا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن بولسا، ئاندىن دادا، ئۆلۈپ كەتسە، يەنىلا ۋەكىللىك ھوقۇقى بۇزۇلىدۇ، ئاخىرلىشىدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلدى. بۇ بالا ۋارىس بولۇپ، مىراسنى ئېلىپ، ئۆز پۇل ــ ماللىرىغا خوجايىن بولسۇن.

767. ئەگەر بىرەر خوجايىن بىرەر قۇلنى سېتىۋېتىشكە ۋەكىل ئەۋەتمەكچى بولۇپ تۇرسا، ئاندىن بىرەر كىشى بۇ قۇلمنى ئۇ خوجايىنىنىڭ بالىسىدىن يا دادىسىدىن، يا ئانىسىدىن، يا ئاچا ــ سىڭلىسىدىن، يا ئايالىدىن، يا ھامىلىرىدىن سېتىۋالسا، بۇ سودا بەيئى دۇرۇس دېگەنگە

ئىجمائقا كەلدى.

768 . ئەقىدە مەسىلىلىرىدە ساھابىلار، تابىئىنلار، سەلەپ، سالىھ ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنى ئەقىدە قىلغان ئېتىقاد قىلغان، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەلەر مۇنداق ئىجمائقا كەلدى.

جەننەت ئەھلى، جەننەتتە، دوۋزاخ ئەھلى دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، تا ئەبەدى قالىدۇ. زەررىچە ئىمانى بار كىشىلەر ياكى ئاسىي، گۇناھكارلار، شاپائەت بىلەن يا جىنايىتى تۈگەپ دوۇزاخدىن چىقىدۇ، دىنسىز، كاپىرلار مۇشرىك، مۇناپىقلار دوۋزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ جامالىنى قىيامەت كۈنى كۆرەلەيدۇ دىگەنگە ئىجمائقا كەلدى.

769 . تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈشكە، دوۋزاخ ئۈستىدىكى سىرات كۆۋرۈكىگە، قەبرىدىكى ئازابقا ئىمان كەلتۈرۈشكە ئىجمائقا كەلدى.

770 . ئاخىرىدا بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەن ئۇسۇل فىقھى كىتابىدا سۆزلىنىدىغان قىياسنىڭ يەنى قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائدىن قالسا، تۆتىنچى قاتاردا تۇرىدىغان شەرئەت مەنبەسى، دەلىل ــ ئىسپات، ھۆججەت ئاساسى بولغان قىياسنىڭ قەتئىي دەلىل ئىكەنلىكىگە ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە ھازىرقى ئىلىم ئەھلى، مۇجتەھىدلەر بىردەك ئىجمائقا، ئىتتىپاققا كەلگەن، ھەقنىڭ ئوخششى ھەقىقەتتۇر. باتىلنىڭ ئوخششى باتىلدۇر. قىياس قەتئىي دەلىل ــ ئىسپاتتۇر دىگەن. نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى دەلىل كەلتۈرگەن.يۇقىرقى ئىجمائقاكىلىنگەن مەسىللەرگەئەمەل قىلىشقا ،بۇمەسىللەرنى ئىنكارقىلسا،تانسا،دىنسىز بۇلۇپ كىتىدىغانلىقىغا ئىجمائقا كىلىندى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ

كىتابتىكى ساھابىلار، تابىئىنلار ئىجمائىقا، ئىتتىپاقىقا كەلگەن مەسىلىلەر ئاخىرلاشتى، ئىجمائىقا كىلىنگەن مەسىلىلەر بۇنىڭلىق بىلەن تۈگەپ كەتمىدى، بولۇپمۇ ھازىرقى يېڭى — يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان مەسىلىلەرگە يېڭىدىن ئىجمائىقا كەلگەن مەسىلىلەرنى يېزىپ بولغىنىمىز يوق، ئۇنداق مەسىلىلەر خېلى كۆپ شۇنىڭ ئۈچۈن سەلەپ، سالىھ، ساھابىلار، تابىئىنلار ئىجمائىقا كەلگەن مەسىلىلەرنى، بۇنىڭدىن باشقا مەخسۇس ئىجمائىقا كىلىنگەن مەسىلەر توپلانغان كىتابلارنى، ۋە ئۇلاردىن كېيىن ئىلىم ئەھلى، مۇجتەھىدلەر ئىجمائىقا كەلگەن مەسىلىلەرنى كۆرۈپ چىقىشىڭلارنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يالغۇز ئىجمائىقا كەلگەن مەسىلىلەرنىلا ئەمەس، بەلكى، قۇرئان، سەھىھ ھەدىس، ئىجماﺋ، قىياسلاردىن دەلىللەنگەن فىقھى ئەھكام مەسىلىرىنى، ئىبادەت، مۇئامىلە، ئەقىدە، تارىخ قاتارلىق مەسىلىلەرنىمۇ كۆرۈشۈڭلارنى سورايمەن.

ئاللاھ ھەممىمىزنى توغرا يولدا قىلسۇن، قەلبىمىزگە ھىدايەت نۇرىنى بەرسۇن، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسىدە قىلسۇن، قۇرئان، سەھىھ ھەدىس، ئىجماﺋ، قىياس بىلەن بولۇپمۇ توغرا، ھەق قىياس بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشقا ۋە شۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىشقا نىسىپ قىلسۇن، بىزنى بۇ دۇنيادىن ئىمان بىلەن چىقىرىپ، ئاخىرەتتە ئۇلۇغ جامالىنى ئاتا قىلسۇن، ئامىن!!!

السلام عليكم ورحمةالله وبركاته كىلەركى كىتابىمدا كۆرۈشەيلى خەير...